
2007-يىلى 1-سان

# غەرب شامىلى



ئەركىنلىك ئادالەت

دېموكراتىيە باراۋەرلىك

ئىنسان ھەقلىرى ئورتاق تەرەققىيات

























## Mångkulturell korsbefruktning

MUSIK






## Kurash Sultan porträtteras i tv







پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژورنال

# غەرپ شامىلى

غەرب شامىلى ژورنىلى رېداكسىيەسى نەشر قىلدى

باشمەسلىھەتچى: دولقۇن قەمبىرى

جاۋاپكار مۇھەررىر: قەيسەر ئابدۇرۇسۇل

بەت ياسىغۇچى: ئادۇشكۇر مۇھەممەت



# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر(1901 - 1933)

ئەي، فەقىر ئۇيغۇر، ئويغان! ئۇيقۇڭ
يېتەر.
سەندە ماليوق، ئەدىكەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆرەڭنى قۇتقازمىساڭ،
ئاھ، سىنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دىدىم، بېشىڭنى كۆتەر، ئۇيقۇڭنى
ئاچ،
رەقىبىڭ باشىنى كەس،قېنىنى چاچ.
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىركۈن، يوق ئىلاج.

...

# غەرپ شاملى

يېزىش - ئەركىنلىك!
ئوقۇش - ئەركىنلىك!
ژورنىلىمىزنىڭ تەشەببۇسى


مەن ئۆلمىدىم ............................ كۈرەش كۆسەن 5

سىنى كۈتۈمىز ............................ ئەخمەتجان ئوسمان 6

ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تەزىيە نامىسى ............... 7

ئەركىن ئالپتېكىننىڭ تەزىيە نامىسى ............................ 8

كۈرەش كۆسەننى ئەسلەيمەن ............................ ئابدۇراشىد هاجى كېرىمى 10

قورقۇنۇش ۋە ئەركىنلىك مىللى دەۋادىكى پسىخىك ساپا ئامىلىرى.......م. كۆك تۇغ 16

ئۇيغۇرلار يولباشچى - رابىيە قادىرغامۇهتاج ................. تەشنايى 24

ختاي هۆكۈمتىنىڭ بېيشقا يىتەكلەش سىياستى ئۇيغۇرلارنى تۈرمىگە يوللاشمۇ؟ ...

.................................................. ئەنۋەر ئەخمەت 28

تېرورىزىم ۋە جىهات ............................ مەمەت يۈسۈپ 35

مىللى قەدىرىيتىمىزنى قەدىرلەيلى ..................... غۇلام هاجى 46

سەن ياققان چىراق ئۆچمەيدۇ ............................ بېلىقىز سەمدى 55

ئاھ ۋەتەن، ئاھ ئەركىنلىك ..................... قەيۇم ياسىن 60

تارىختىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ..................... 64


ژورنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر، ئاپتورنىڭ ئۆز كۆزقارشى. ژورنىلىمىز رېداكسىيەسىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

# Gherp Shamili

**Utges av International Uyghuriska PEN**

**Postadress: International Uyghuriska PEN**
**Tallåsvägen 9C, 63231**
**Eskilstuna**
**SWEDEN**

**Telefon: +46-16- 424825**
**E-post: upc@itsabove.com**

**Chefredaktör: Ghulam Yaghma**

**Ansvarig utgevare: Kaiser. Abdurusul**

**Redaktör: Memetimin Ala**

**Abdurishit Haji**

**Anwer Ahmet**

**Abdushukur Memet**

**Grafisk form: Abdushukur Memet**

**Upplaga: 1000**

**ISSN: 1652 – 0165**

**Tryckeri: Apec tryck & forlag AB,**

**Spånga Stockholm**

**4 gånger om året**

**För innehåll och åsikte i tidningen**

**Ansvarar de enskilda skribenterna.**

**Dät är inte nödvändigtvis Gherp**

**Shamilis ståndpunkt som uttrycks.**

# غەرپ شاملى

## خەلقئارا ئۇيغۇر قەلەم كەشلىرى
## (سىناق نۇسقا)

ئادرىس : International Uyghuriska PEN
Tallåsvägen 9C, 63231
Eskilstuna
SWEDEN

تېلفون: 004616424825
E -خەت ئادرىسى:upc@itsabove.com

باش مۇھەررىر: غۇلام ياغما

قانۇنى جاۋاپكار مۇھەررىر: قەيسەر ئابدۇرۇسۇل

مۇھەررىرلەر: ئابدۇراشىت ھاجى، ئەنۋەر ئۆمەر، ئابدۇشۈكۈر مۇخەممەت.

تەھرىر: مەمتىمىن ئەلا.


بەت ياسىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇخەممەت.

سانى: 1000

خەلقئارالىق تارقىتىش نومۇرى:
ISSN: 1652 – 0165

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژورنال

ژورنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر، ئاپتورنىڭ شەخسى كۆزقارشى بولۇپ، ژورنىلىمىز رېداكسىيەسى ماقال مەزمۇنىغا جاۋاپكار بولمايدۇ.



# مەن ئۆلمىدىم

ئەجدادلارنىڭ ئىزىدىن ماڭماي تۇرۇپ،
قىساس ئۈچۈن خەنجەرنى ئالماي تۇرۇپ،
ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ،
مېنى ئۆلدى دېمەڭلار ھەي ئادەملەر،
مەن ئۆلمىدىم، ئۆلمەيمەن، ياق ئۆلمەيمەن.

كۆك بايراقنى ۋەتەنگە ئاسماي تۇرۇپ،
دۈشمەنلەرنى تامامى ئاتماي تۇرۇپ،
ئازاب ئوتىنىڭ تاڭلىرى ئاتماي تۇرۇپ،
مېنى ئۆلدى دېمەڭلار ھەي ئادەملەر
مەن ئۆلمىدىم، ئۆلمەيمەن، ياق ئۆلمەيمەن.

غالىبىيەت مارشىنى ئېيتماي تۇرۇپ،
ۋەتىنىمدىن بۇ زۇلۇم كەتمەي تۇرۇپ،
پۈتۈن دۇنيا ئۇيغۇرنى بىلمەي تۇرۇپ،
مېنى ئۆلدى دېمەڭلار ھەي ئادەملەر
مەن ئۆلمىدىم، ئۆلمەيمەن، ياق ئۆلمەيمەن.

مەن ئۆلمىدىم، ئۆلمەيمەن ياق ئۆلمەيمەن.
مەن ئۆلمىدىم، ئۆلمەيمەن كۈرەش ئۆلمەيدۇ!



# سىنى كۈتۈمىز




(مەرھۇم كۆرەش كۆسەننىڭ روھىغا)

ئەخمەتجان ئوسمان

كېتىپ قالدىڭ بالدۇر نېمانچە؟
ئاتمىدىغۇ تېخى تېڭىمىز!
مۇڭداشقانچە دۇتتارىڭ بىلەن،
تۈنىمەكتە مىللىي ئېڭىمىز.

چاقىردىمۇ ياكى شېھىدلەر،
ئاڭلىغۇسى كېلىپ بىر پەدە؟
سوراپ باققىن ئۇلاردىن، دوستۇم،
قۇياشىمىز تېپىلار نەدە!

كېلەلمىسەڭ ئەگەر سەن قايتىپ،
بىز قالمىز ئۇچۇرسىز يەنە.
ئاي-يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىمىزدا
قالار زۇلمەت قىلىپ تەنتەنە.

2006-يىل، 29-ئۆكتەبىر، تورونتو-كانادا




كۆرەش ئەپەندى بىزنىڭ گېنرالىمىز ، ئۆلمەس كۆرەشچىمىز ، ئىنقىلاپ لىدىرىمىز، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ئەل سۆيگەن كومپوزىتور ، شائىر، سەنئەتكار،ئوتيۈرەك ئۇيغۇر پەرزەنتى، شەرقىي تۈركىستان ھەركىتىنىڭ پىداكار جەڭچىسى،كۆرەش كۆسەن سۇلتان ئوغلى بىزنى ھەسرەتتە قويۇپ ۋاقىتسىز ئايرىلدى .

قىسقىغىنە47 يىللىق ھاياتىدا ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن بارلىغىنى ئاتىغان بۇ ئوت يۈرەك ئۇيغۇر ئوغلانى، قەلەم ۋە ئەلەم كۆرشى قىلىپ ،خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۆز خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھەق -ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىغان ئىدى .چەكلىك ھاياتى بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان كۆرەش كۆسەن سۇلتان ئوغلى، ئۇيغۇر خەلقىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆچمەس — ئۆلمەس ئاۋازى، كۈي - داستانلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەبەدى — ئەبەد ياڭرايدۇ .ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان مىللى مۇستەقىللىق داۋاسىغا قوشقان تۆھپىسىنى مەڭگۇ ئۇنۇتمايدۇ» .كۆرەش « ھەقىقەتەن ئۆزى ئېيتقاندەك » كۆرەش « ئۆلمەيدۇ . ئۇ مەڭگۇ بىز بىلەن بىللە .جانابى ئاللا مەرھۇمغا جەننەت مەرھىمىتى ئاتىغاي !ئائىلە تاۋاباتلىرىغا سەۋرە تاقەت تىلەيمەن.

مەن شۇنىڭغا قەسەم بىرىمەنكى، كۆرەش ئەپەندىنىڭ قىلىپ تۇگۇتەلمىگەن ، يېتىشكە نىسىپ بولمىغان ئارزۇ ئارمانلىرى، ئېزىز ديار ئۇيغۇرىيەنىڭ ھەق - ھوقۇقى ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بىرىلىۋاتقان كۆرىشىنى مەن ئاداققىچە داۋاملاشتۇرىمەن.

2006-يىل 12-ئاينىڭ 30 كۈنى


شۋېتسىيە



# ئەركىن ئالپتېكىننىڭ تەزىيەنامىسى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەپتىشى، شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەھبىرى، مەرھۇم كۇرەش ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى يالغۇز ئۇيغۇر سەنئەت ئاسمىنىدا پارلىغان بىر يۇلدۇزنىڭ ئۆچۈشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە ئىستىقلال ئىرادىسىنى ئادالەت دۇنياسىغا ئاڭلىتىۋاتقان ياڭراق بىر ئاۋازنىڭ ئۆچۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىشتۇر. شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇجادىلىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان سېپىمىز ئۈچۈن بىر يوقىتىشتۇر. مەرھۇم كۇرەش كۆسەن ئەپەندى ۋەتەندىكى چاغلىرىدا خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ -ئىستەكلىرىنى سەنئەت شەكلى ئارقىلىق سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىقىپ، خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ زۇلمىنى پاش قىلغان ۋە مىللىتىمىزنى ئۆزىنىڭ ھەق —ھوقۇقلىرىغا ئىگە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان بولسا، ۋەتەننى تەرك ئەتكەندىن كېيىن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەرخىل ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، مىللىي مۇستەقىللىق شۇئارلىرىمىزنى غەرب سەھنىسىدە ياڭرىتىپ كەلدى. د. ئۇ. ق ۋە شۋېتسىيە تەشكىلاتلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مۇددەت ئىچىدە، ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، ئۆتكۈر زېھنى ۋە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ھېسسىياتى بىلەن، داۋايىمىز تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسىنى قوشتى .ئۇنىڭ مەيلى مىللىي دەۋا سېپىمىزدە بولسۇن ياكى سەنئەت ۋاستىلىرىغا تايىنىپ بولسۇن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىستىقلال ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن بۈيۈك شىجائەتلىرى خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. مەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ۋەكالىتەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شىجائەتلىك ئوغلانى، ئوت يۈرەك شائىر كومپوزىتور، تالانتلىق ناخشىچى ۋە

پىداكار ئىنقىلابچى كۈرەش كۆسەن ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇلىرىمنى بىلدۈرىمەن. كۈرەش كۆسەن ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال كۈرىشىگە قوشقان زور تۆھپىلىرىگە زور باھا بىرىمەن. بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنى كۈرەش كۆسەنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ۋە مىللەت ئۈچۈن ياشاش روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىمەن. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئاللاھدىن خەيرلىك تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن. كۈرەش





كۆسەن ئەپەندىنىڭ هاياتى ئۆز قەدرى قىممىتىنى بىلگەن ۋە ۋەتەن مىللەتنىڭ قەدرى قىممىتى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش ئۈچۈن ئۆتكەن مەنىلىك بىر هايات. ئىنسانىنىڭ ئېتىبارى ئۇنىڭ ئۆمۈر چېكى بىلەن ئەمەس بەلكى شۇ ئۆمرىدە ئۆز ۋەتىنى ۋە بەختى - سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن سەرپ قىلغان مېھنەتلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەرھۇم كۈرەش كۆسەن ئەپەندى ئۆز هاياتىنى ۋىژدانى ۋە مىللىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆزىگە ۋە مىللىتىگە شەرەپ بەخش ئېتىپ، بىز ئۈچۈن ئادەم بولۇشنىڭ بىر ئۈلگىسىنى يارىتىپ بىرىپ بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى.

د ئۇ ق مەرھۇم كۈرەش ئەپەندىنىڭ هايات پائالىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بىرىدۇ ۋە ئۇنى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن كۆرەش ئۈلگىسى دەپ قارايدۇ.

هۆرمەت بىلەن :دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى

2006 -يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى

شۋېتسىيە



مەن مەرھۇم كۇرەش كۆسەننى 80-يىللارنىڭ ئاخىرى تېلېۋىزوردا كۆرگەن ئىدىم. ئۇ زامانلاردا تېلېۋىزور ئىشلىتىش خەلقىمىزدە تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملىشىپ بولالمىغان ۋە رەڭلىك تېلېۋىزور بازاردا كەم ئۇچرايتتى. مەرھۇم كۇرەش كۆسەن «مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش ناخشىچىلارنىڭ تېلېۋىزوردا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى» دا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ رەڭلىك تېلېۋىزور بىلەن تەقدىرلەنگەندە، ھەممىمىز ئۇنى تەبرىكلەشكەن ئىدۇق. شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ ناخشا ساداسى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغىچە تارقىلىپ، ۋەتەن خەلقى ئىچىدە نامى چىققان ئىدى. مەن 89-يىلى ئۈرۈمچىگە خىزمەت بىلەن بارغىنىمدا ئۇ ئىتتىپاق تىياتىرىدا بىر مەيدان ئويۇن قويىۋاتقان ئىكەن. شۇ كۈنى ئۇ «يەرنى ساتماڭلار» ۋە «پۇل » دېگەن ناخشىلارنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقاندا، مەن بىر ئادەتتىكى ناخشىچىنى ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان، ۋەتەن-مىللەتكە چەكسىز ساداقەتمەن بىر ئىنقىلابچىنى كۆرگەندەك بولۇپ، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلغان ئىدى.

ھەرقېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىش پۇرسىتى بولغاندا، ئالدى بىلەن دۆڭ كۆۋرۈككە بېرىپ، كۇرەش كۆسەن ئورۇنلىشىدىكى ئۇن ئالغۇ لىنتىسىدىن قانچىسى ئىشلەنگەن بولسا شۇنچىنى سېتىۋېلىپ قەشقەرگە ئېلىپ كېتىپ كۆپەيتىپ دوستلىرىمغا سوۋغاتلىققا بېرەتتىم.

1998-يىلى 6-ئاي مەزگىللىرى ئىدى. مەن تاشكەنتتىكى تۇتقۇندىن قېچىپ بىشكەككە ماڭماقچى بولۇپ، شوپۇر بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە، تاشكەنت بىلەن قازاقىستاننىڭ چېگرىسى

بولغان چېرنېيوپكا دېگەن يەردە ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇراتتىم. قاراڭغۇ كېچىدە بىر ئەركىشى بىلەن بىرئايال كىشى ئۆزۈمزارلىقنىڭ ئىچىدىن ئاپتوبۇس تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ كىشىنىڭ كورەش كۆسەن ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە شوپۇرغا خۇددى ماڭا ئوخشاش كېلىشىۋالغان ۋەدىسى بويىچە ئالدىن پۇل بېرىپ، ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. بىز ئىككى قاچاق تاشكەنتتىن بىشكەككە بارغۇچە يول بويى ئۇخلىماي دەرد تۆكۈشۈپ ماڭدۇق. ئۇ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسى تارتقان كۈلپەتلەرنى ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر مەلئۇنلىرىنىڭ ئۇ چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزىگە قىلغان زىيانكەشلىكلەرنى ئېيتىپ ئاھ ئۇرغان ئىدى. مەن مەرھۇمغا تەسەللى بەرگەنىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىنى بىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئۆزىگە بىلدۇرۇشكە تىرىشقانىدىم. ھەمدە ئۇنىڭغا بۇندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بىر قاتار مەسلىھەتلەرنى بەرگەنىدىم ۋەتەنسىزلىك ھەرئىككىمىزنى بىللە ياشاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. ئەپسۇس ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىككىنچى قېتىم قايتا كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى.

2003-يىلى 12-ئاينىڭ 17- كۈنى مەن تۈركىيىدە ب د ت دىن سىياسىي پاناھلىق ئېلىپ، ئۇنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شۋېتسىيىگە كېلىپ ئورۇنلاشتىم. مەن كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتە- ئۆتمەي مېنىڭ كەلگەنلىكىمدىن خەۋەر تاپقان كورەش كۆسەن تۈركىيىدىكى دوستلىرىمدىن مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى ئېلىپ، مېنى ئىزدەپ تاپقان ئىدى. مەن شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن كورەش كۆسەن بىلەن شۋېتسىيىدىكى يېڭى ھاياتنى باشلىدىم. گەرچە مەن تۇرغان شەھەر كورەش كۆسەن بار شەھەرگە مىڭ كىلومېتىر ئۇزاقلىقتا بولسىمۇ، تېلېفونلىرىمىز ۋە ئېلخەتلىرىمىز بىر- بىرىمىزنى ھەركۈنى دېگۈدەك ئۇچراشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەرقېتىم تېلېفون قىلغاندا، بىر ئېغىزمۇ شەخسىي پاراڭ قىلمايتتى، ھەر ۋاقىت ۋەتەن-مىللەتنىڭ غېمى ۋە كەلگۈسىدە قىلىدىغان پىلانلىرى ھەققىدە ئېيتاتتى. ئۇ ئولتۇرسا ، قوپسا مىللەت بىلەن ۋەتەننىڭ تەقدىرى ھەققىدىلا سۆزلەيتتى. ئۇ مىللىتىنى ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلەتتى. مەن 2005- يىلى 10- ئايدا كورەش كۆسەن تۇرۇشلۇق شەھەرگە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن كۆچۈپ كەلدىم. بىز شۇ كۈندىن باشلاپ تىخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتۇق. مەن يالغۇز بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەركۈنى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىلىپ بىر ۋاخ تاماقتا بىللە بولاتتىم. مۇبادا مەن كىلەلمەي قالسام، ئۇلارنىڭ يېگەن تامىقىمۇ تاماق بولمايتتى. ئۇلار مېنى ئائىلىسىنىڭ مېھمىنى ئەمەس، بەلكى دادىسى ئورنىدا كۆرەتتى.مەرھۇم شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ كەلگۈسى پىلانىغا ئۇيغۇرلاردىن نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا بىر كىشىنى كىرگۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ئىدى. شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىرى بۇنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ، ئۇنىڭغا جىددىي تۇتۇش قىلدۇق. دەسلەپتە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ئەركىن

ئالىپتېكىنىگە كۆپ قېتىم تېلېفون قىلىپ، ئۇنى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كۆرسىتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ئەركىن ئالىپتېكىن بۇنىڭغا قوشۇلمىدى ۋە تۈرمىدە يېتىۋاتقان رابىيە قادىر خانىمنىڭ بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ۋە بىردىنبىر نامزات بولالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ بىز مەرھۇم كۈرەش كۆسەن بىلەن بىللە ئالاقىدار شەخسلەر ۋە ھەر قايسى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، ھەتتا پارلامېنتتىكى پارلامېنت ئەزالىرى بىلەنمۇ كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشتۇق. رابىيە قادىر خانىمنى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا كۆرسىتىش بويىچە تەكرار- تەكرار يېزىلغان 35پارچە يازما ماتېرىيال مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئەرباپلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بېرىلدى. مۇشۇ تىرىشچانلىقلىرىمىز ئۈنۈم بېرىپ بۇ ئىش ئاخىرى رويابقا چىققاندا كۈرەش ئەپەندى ھەممىمىزدىن بەكرەك خۇشال بولۇپ ھاياجىنىنى باسالمىغان ئىدى...

2004-يىلى نورۋېگىيە رافتو جەمئىيىتى رابىيە قادىر خانىمغا رافتو مۇكاپاتى بېرىش ھەققىدە قارار چىقارغاندا، شۋېتسىيە پارلامېنت ئەزاسى ئانىللا خانىم بىرىنچى بولۇپ مەرھۇمغا تېلېفون قىلىپ بۇ خوش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، مەرھۇم قاقاقلاپ كۈلۈپ: « بىز غەلىبە قىلدۇق! بىز غەلىبە قىلدۇق! ئۇيغۇر غەلىبە قىلدى !» دەپ توۋلاپ، خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتكەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەشكە قەلىمىم ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىدۇ.ئەتىسى مەرھۇم ماڭا تېلېفۇن قىلىپ، رابىيە قادىر خانىمغا بېغىشلاپ بىر ناخشا ئىجاد قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنى تېلېفوندا ماڭا ئاڭلاتتى. مەن راستىنلا ھەيران قالدىم، چۈنكى بۇ ناخشا شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىجاد قىلىنغانىدى. مەرھۇم ئۆزىمۇ بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ قانداقتۇر بىر ئىلاھى كۈچ ماڭا مەدەت بەردى بولغاي دېگەن ئىدى.

2004-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى نورۋېگىيىنىڭ بېرگىن دۆلەتلىك تىياتىرخانىسىدا رابىيە خانىمغا 2004-يىللىق خەلقئارا رافتو كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بېرىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن سەھنىسىگە چىقىپ دۇتتار بىلەن «رابىيە » ناخشىسىنى ئورۇنلاپ، رابىيە قادىر خانىمنى تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى دەپ دۇنياغا جاكارلىغان ئىنسان دەل مەرھۇم كۈرەش كۆسەن ئىدى. شۇندىن كېيىن رابىيە قادىر خانىم دۇنيا سەھنىسىدە ئۇيغۇلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى بولۇپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ تىلغا ئېلىندى ۋە مەتبۇئاتلاردا ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

2004-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى رابىيە قادىر خانىمنىڭ شۋېتسىيىگە كېلىدىغانلىق خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن شۋېتسىيە ئۇيغۇرلىرىغا ئۇقتۇرۇلدى. شۇ كۈنى شۋېتسىيىدىكى 100لەرچە ئۇيغۇرلار بۇ مۆھتىرەم ئانىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر قايسى ئۆزىگە يارىشا تەييارلىق قىلىپ، دەستە- دەستە رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى كۆتۈرۈپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ستوكھولم ئارلاندا ئايروپورتىغا ماشىنا- ماشىنا بىلەن ئاقتى. رابىيە قادىر خانىم ئايرۇپىلاندىن چۈشكەندە

ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى رابىيە قادىر خانىمنى قۇچاقلاپ، ئۇنى خۇشاللىق يىغىسى بىلەن ھاياجانلىرىنى باسالماي شۇئارلارنى توۋلاپ قارشى ئالدى. ئۇلار يەنە رابىيە قادىر خانىمغا ئالايىتەن «رابىيە» دەپ سىيادان بىلەن يېزىلغان خەت چۈشۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە تونۇر نېنىنى سوۋغات سۈپىتىدە تەييارلىغانىدى. بۇ ناننى رابىيە قادىر بىلەن ئىسمىداش ئۇيغۇر قىزى رابىيە ئۇنىڭغا قوش قوللاپ تەبەسسۇم بىلەن تەگلىگەندە، رابىيە قادىر ناننى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆز يېشى قىلدى. مەن رابىيە قادىر خانىمنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىر ئاق كۆڭۈل ،سەممىي، ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئانا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. رابىيە قادىر خانىم شۋېتسىيە پارلامېنتىدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ دالاي لاماسى » سۈپىتىدە ئايرىم- ئايرىم كۈتىۋېلىندى. شۋېتسىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەرھۇم كۈرەش ئەپەندى بىلەن مەن رابىيە قادىر خانىم ھەم سىدىقھاجى روزىغا ھەمراھ بولۇپ پارلامېنت سارىيىدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىكتە بىللە بولدۇق. شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا رابىيە قادىر خانىم ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ 50 دىن ئارتۇق مۇخبىرىنىڭ سوئاللىرىغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىپ، شۋېتسىيە خەلقىنى ۋە شۋېتسىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، ئۇيغۇلارنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۇنياغا تونۇتتى. شۇ كۈندىكى يىغىنغا شۋېتسىيىدىكى ئۇيغۇلاردىن 300دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىپ، رابىيە قادىر خانىمنى قارشى ئالدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسنى مەرھۇم كۈرەش كۆسەن ئەپەندى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

2006-يىلى كۈرەش كۆسەننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق بىر يىل بوپ قالدى: ئۇ پەرزەنتلىك بولدى. شۋېتسىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەرھۇمغا ئەسكىلستۇنا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن بىر يۈرۈش ئۆي تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەپ ، كىتاب قىلىپ ئىشلەش ھەم ئۇلارنى CD پىلاستىنكىسىغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت پىلان غايىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قۇلاي شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەممىنى ئۇنتۇپ ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى تۈرى بويىچە رەتلەپ تېكىستىنى ئۇيغۇرچە يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن نوتىغا ئېلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى 7رايونغا بۆلۈپ، رايون خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېيتىش مەشقى بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ۋە 7 رايوننىڭ خەلق ناخشا - مۇزىكا تارىخىنى يېزىپ چىقىشقا قەيسەر ئابدۇرسۇل مەسئۇل بولدى. ئۇ ۋەتەندىن 40 نەچچە CD ناخشا پىلاستىنكىسىنى سىنتۇلىپ ئەكەلدۇرۇپ، ئۇلارنى تۈرى بويىچە بەزىلىرىنى دۇتتار بىلەن، بەزىلىرىنى تەمبۇر بىلەن، بەزىلىرىنى ساتتار بىلەن، بەزىلىرىنى بەربات بىلەن ئۆزى ئورۇنلاپ ئۇلارنى كەلگۈسىدە CD پىلاستىنكىلىرى ھەم 7 پارچە كىتاپ قىلىپ ئىشلەپ

چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خۇشاللىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

بىز ئۇنىڭ يېڭى ئىشقا چۈشكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئۇنىڭ ئىش بىناسىغا بارغىنىمىزدا ئۇ بىزگە ئويۇن قويۇش سەھنىسىنى كۆرسىتىپ ، كېلەركى قېتىملىق دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئاشۇ يەردە چاقىرىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ: « بۇ يەردە 150 ئادەم بىمالال ئولتۇرالايدۇ، رەئىس سەھنىسىدە كەم دېگەندە 30 ئادەم ئولتۇرالايدۇ، ئورۇندۇقلىرى ئازادە ھەم كۆركەم. بۇ تەرەپتە ئاشخانىسى، تازىلىق ئۆيى، تاماكا چېكىدىغان ئايرىم ئۆيلىرى، كوفىيخانىسى، دەم ئېلىش زاللىرى، ھاۋالىنىدىغان باغچىلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى بار...شۇڭا قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىغا بىز ساھىبخان بولساق» دەپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

ئۇنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئارزۇ-ئارمانلىرى بار ئىدى. «ۋەتەن داۋاسىنى قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟» دېگەن بۇ مەسىلە ئۇنىڭ كاللىسىدىن ھەر ۋاقىت كەتمەيتتى. بىر كۈنى ئۇ ئېنتېرنېت تور بەتلىرىنى ئاقتۇرۇۋېتىپ يۈرۈپ، خەلقئارا قەلەمكەشلىرى بىرلىكى ( International PEN Centre) تورىبېتىگە كىرىپ قاپتۇ. مەزكۇر بىرلىك مۇندىن 100 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان بولۇپ، ئەركىن سۆزلەشنى، ئەركىن ئوقۇشنى، ئەركىن يېزىشنى ۋە ئەركىن نەشر قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، شۇنداقلا يۈزدىن ئارتۇق دۆلەتتە شۆبىسى بار، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاستىدىكىA دەرىجىلىك مۇستەقىل ھەم ھۆكۈمەتسىز بىرلىك ئىدى. مەرھۇم كۈرەش كۈسەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر خەلقئارالىق بىرلىككە ئەزا بولۇشىنىڭ ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسىنىڭ يەنە بىر خەلقئارالىق سورۇنغا ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم رولىنى تېزلا تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى بىزگە ئېيتىدۇ. مۇندىن بۇرۇن قەيسەرمۇ شۇنداق بىر بىرلىكنىڭ بارلىقىنى ئىنگىلىزچە تور بېتىدىن كۆرگەن ئىكەن.

بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەممىمىز قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى تەقسىملىۋالدۇق. ئىش تەخسىماتىمىز بويىچە، مەن مەخسۇس خىتايچە تورىبېتىنى سەيلە قىلدىم. دەرۋەقە، ئۇ بىرلىكنىڭ تور بېتى ب د ت قوللىنىدىغان 3 خىزمەت تىلىنىڭ ھەممىسىدە چىقىرىلغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ مەرھۇم كۈرەش ئەپەندى 3 ئاي ۋاقىت ئاجرىتىپ، شۇ بىرلىكنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئاخىرى خەلقئارا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر بىرلىكى قۇرۇش ھەققىدىكى تەشەببۇسنامە، چاقىرىق، پىلان، پرىنسىپ، نىزامنامە ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ تەييارلىق نۇسخىسىنى تەييارلىدى ۋە ئۇلارنى بەش ئايدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىگە تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇ ھەتتا ئامېرىكا، كانادالارغىچە بېرىپ، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ بۇ ماتېرىياللارنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا يەتكۈزدى. مەرھۇم ۋاپات ئېتىشنىڭ ئالدىدا، يەنى 10-ئاينىڭ 18-كۈنى شۋېتسىيە ۋە نورۋېگىيە قەلەمكەشلىرىنىڭ مەدىنى ۋە مەسلىھەتى بويىچە ئۇيغۇر

قەلەمكەشلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى بىكىتىپ چىقىپ، شۋېتسىيە ھۆكۈمىتىگە تىزىمغا ئالدۇرۇپ مۇقىملاشتۇرغان ئىدۇق. بۇ جەمئىيىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە شىمالىي ياۋروپادىكى 4 دۆلەتنىڭ قوللىشى ۋە




مەنىۋى ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇلار بىزنى قوللاپ: «يازغان ئەسەر ۋە كىتابلىرىڭلار بولسا بىزگە بېرىڭلار، بىز نەشىر قىلىپ بېرەيلى» دېگەندە ھەممىمىز ھاياجانلانغان ئىدۇق. ھەمدە ئارقا — ئارقىدىن 3 دۆلەت بىزنى ئۆزلىرىنىڭ پات ئارىدا چاقىرىلىدىغان ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىپ، بىزنىڭ پۈتۈن چىقىمىمىزنى كۆتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئۇ 73-نۆۋەتلىك خەلقئارا قەلەمكەشلەر قۇرۇلتىيىنىڭ سىنىگالدا چاقىرىلىدىغان يىللىق يىغىنىدا خەلقئارا ئۇيغۇر قەلەملەشلەر جەمئىيىتىنىڭ رەسمي ئەزالىقىنىڭ ئۇشبۇ بىرلىككە تەۋە باشقا قەلەمكەشلەر جەمئىيەتلىرىنىڭ بىلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىشى بىلەن تەستىقلىنىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئىچ — ئىچىدىن خۇشاللىنىپ: «ئۇيغۇر ب د ت غا كىرىدىغان بولدى» دېگەنىدى...

مەرھۇمنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ھەقىقەتەن بەك ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرسا، بىر تەرەپتىن شۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ ئىشىغا ئالدىرايتتى، بىر تەرەپتىن «غەرب شامىلى» ژۇرنىلىغا تۈتۈش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئۇيغۇرىيە» تور بېتىنىڭ غېمى بىلەن، يەنە بىرتەرەپتىن ھۆر ئۇيغۇر رادىئوسىنىڭ غېمى بىلەن ئالدىراشلا ئۆتتى. ئۇ 2006-يىللىق پىلانىدا، شۋېتسىيە ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن خوجىنتاۋ بىلەن ۋاڭ لېجۇەننىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى يېزىپ چىقىپ، خەلقئارا سوتقا سۇنۇپ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلدۇرۇش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ھەممىمىزنى قايىل قىلغان ئىدى



# قورقۇنۇش ۋە ئەركىنلىك: مىللىي دەۋادىكى پسىخىك ساپا ئانالىزى

كۆكتۇغ

ئەگەر بىر ئادەم ياكى بىر توپ ۋە ياكى بىر مىللەت غايەت زور قورقۇنچنىڭ ئاستىدا بولسا، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقنى چىقىش قىلىپ ھەرىكەت قىلغان ياكى ئويلىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

--بېرتراند رۇسسېل

قورقۇنچ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىدىن ياكى بىلىشى ھەم قىياسىدىن ھالقىپ كەتكەن شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا تەھلىكە شەكىللەندۈرىدىغان ئوبيېكتتىن ۋەھىمە ھېس قىلىش ھېسسىياتىدۇر. قورقۇنچ بەزىدە ئادەمدە ئۆزى قورقىۋاتقان ئوبيېكتقا ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى قوزغىسا، بەزىدە ئۇنىڭدىن يىرگىندۈرىدۇ، يەنە بەزىدە بولسا ئادەم ئۇنىڭدىن قېچىشنى ئىستەيدۇ. شۇنىڭدەك، يەنە شۇنداق قورقۇنچمۇ باركى، ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدىن تاكى ئۇ ئۆلگىچە يىتمەيدۇ، ئۇنى داۋاملىق ئارامسىزلاندۇرىدۇ ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلاپ تۇرىدۇ. دېمەك، قورقۇنچتا ئادەم بىلەن ئۇ قورقىۋاتقان ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆپ ھاللاردا ياتلىشىش ھالىتىدە بولىدۇ.

بۇ يەردە ئادەم، قورقۇنچ ئوبيېكتى ۋە قورقۇنچتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئامىل ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىلىش پائالىيىتى بىلەن باغلانغان. قورقۇنچنى مۇشۇ مەنىدىن كەڭ دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىرى، ئادەم ئۆزىنىڭ فىزىكىلىق ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن لېكىن قانداق سۈپەتلىكلىكى بىلىنىشلىك ئوبيېكتتىن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى دەڭسىيەلمەيدىغان ھەم بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئوبيېكتتىن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. ئالدىنقىسى بىزگە ئۆزىنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ياكى يىراقتىكى دائىمىي مەۋجۇتلۇقى بىلەن تەھلىكە سېلىپ تۇرىدىغان ئوبيېكتنىڭ بىزدە قوزغايدىغان قورقۇنچنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى بىزنى بىزنىڭ بىلىش ۋە ھەتتا ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن ئوبيېكتنىڭ بىزنى داۋامىي ۋە ئىزتىراپلىق دەككە-دۈككىگە سېلىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل قورقۇنچنى تەشۋىش دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. تەشۋىش ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن نامەلۇم، ئېنىقسىز ۋە تۇتۇق ئوبيېكتتىن تەھلىكە ھېس قىلىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھەتتا يوقلۇق ھەققىدە ئادەمدە كۆرۈلىدىغان تىرەن ۋە ئاسانلىقچە يوقالمايدىغان قورقۇنچ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئالدىنقى تۈردىكى قورقۇنچتا ئادەم قورقۇنچ ئوبيېكتى بىلەن بىلىش نۇقتىسىدىن مۇئەييەن مۇناسىۋەت قۇرالىسىمۇ——گەرچە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ قانچىلىك پاسسىپ ۋە ياتلىشىش ھالىتىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېيىنكىسىدە بۇنداق مۇناسىۋەت يوقالغان بولىدۇ: بۇنىڭدا ئادەم (زىتلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا) ئوبيېكت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئايان قىلىدىغان نامەلۇملۇق، يوقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىق تەرىپىدىن ۋەھىمىگە چۆكىدۇ.

قورقۇنچىنىڭ مانا مۇشۇ ئىككى خىل مەنىسى بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان ئەركىنلىك مەسىلىسىگە زىچ باغلانغان.

ئەركىنلىك ئادەتتە ھېچقانداق زورلۇق كۈچى (زورلاش) ۋە بېسىم كۈچى ئىشلىتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىكى پسىخىك ھالەتنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. پەيلاسوپ ئىزاك بېرلىنىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ «زورلىنىشتىن خالىي بولغان ئەركىنلىكتۇر.» بۇ خىل ئەركىنلىك زورلۇق كۈچى بولمىغان ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزى تۇرۇۋاتقان شارائىتنى چىقىش قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قارىتا مۇستەقىل ھۆكۈم قىلالىشىنى كۆرسىتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ خىل ئەركىنلىك دەل قورقۇنچتىن خالىي ۋە ئۇنىڭدىن ئازاد بولغان ئەركىنلىكتۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەركىنلىك ھەققىدىكى يۇقىرىقى تەبىردە ئەركىنلىك ئاكتىپ مەنىدە ئەمەس بەلكى پاسسىپ مەنىدە يەنى ئۆز-ئۆزىدىن يېتەرلىك بولغان ئەركىنلىك سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى مەلۇم ئامىللارنىڭ يوقلۇقى ھەم كەمچىللىكى مەۋجۇت بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا مەيدانغا كېلىدىغان پسىخىك ھالەتنىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرەر كوللېكتىپنىڭ، توپنىڭ ياكى مىللەت ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىمۇ ئۇلارنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن يۈرگۈزۈلىدىغان بېسىم ۋە زورلۇقنىڭ بولۇش بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماقالىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كوللېكتىپ پسىخىك ساپاسىغا كۈچلۈك ئەكس تەسىر كۆرسىتىۋاتقان قورقۇنچ ئېڭىنى شەرھلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىدىكى ۋە مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە تولغان ئەركىنلىك ئېڭىغا قىسقىچە قاراپ چىقىدۇ. شۇ ئارقىلىق قورقۇنچ بىلەن ئەركىنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدە (ھەم مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە قانداق كوللېكتىپ پسىخىك ساپانىڭ بولۇشىدا) ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىستىلاسىغا ۋە زۇلمىغا چۈشۈپ قالغان ئەللىك يىلدىن بېرى خىتايلار ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋاستىلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كۇلتۇر جەھەتتىن تالان-تاراج قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى تۈرمىدە ياتقان بىر مەھبۇسنىڭكىگە سېلىشتۇرساق، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. گەرچە تۈرمىدىكى ئادەم ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ كىچىككىنە بوشلۇقتا ھەرىكىتى چەكلىمىگە ئۇچراپ قامالسىمۇ ۋە ئۆز بېشىغا كېلىشى مۇمكىن بولغان خىلمۇخىل قىيىن قىستاقلاردىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۆز كەلگۈسى ھەققىدە كۆپ ھاللاردا (لېكىن دائىم

ئەمەس) ئاز تولا ئېنىقلىق بېرىلگەن. مەسىلەن ئۇنىڭغا نىمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن مەھبۇسلۇققا بۇيرۇلغانلىقى ۋە بۇنىڭ قانچىلىك ۋە قايسى خىل ئۇسۇلدا داۋاملىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات —گەرچە ئاز تولا بولسىمۇ— بېرىلىدۇ. ئادەتتە قەدىمدىن بېرى بىرەر جىنايەتچىنى تۈرمىگە قاماشتىكى تۈپكى سەۋەبلەر كۆپ خىل بولۇپ كەلدى، لېكىن بۇلارنى يىغىساق تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىقلار بار. بۇنىڭ بىرىنچىسى جىنايەتچىنى زورلۇق ئۇسۇلى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق قاماپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خاتالىقى ۋە جىنايىتىگە توۋا قىلدۇرۇش بولسا، ئىككىنچىسى ئۇنى تۈرمىگە سولاپ ئۇنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا چەكلىمە قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ يەنە ئوخشاش خىلدىكى جىنايەتنى ياكى باشقا جىنايەتنى سادىر قىلىشىنى توسۇش ھەم ئالدىنى ئېلىش، ئۈچىنچىسى بولسا ئۇنى جازالاش ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا ئادالەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ھەم ئۇنىڭ قىلمىشىدىن باشقىلارغا ئىبرەت قىلدۇرۇش، تۆتىنچىسى بۇ ئارقىلىق مەزكۇر جىنايەتچى بۇزغان، تەھلىكە شەكىللەندۈرگەن ۋە كوللېكتىپنىڭ ھاياتى ۋە مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان قىلمىش ۋە ئىدىيىگە قارىتا قايتىدىن سىمۋوللۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلاردۇر. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن كوللېكتىپ سۈپىتىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان ۋەتىنىدە—يەنى ئۆزىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا كوللېكتىپ مەھبۇسقا ئايلىنىشى يۇقىرىقى مىسالدىكى مەھبۇسنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر: ئۇيغۇرلار قايسى گۇناھى ئۈچۈن بۇ جازاغا ئۇچرىدى؟ ئۇلار بۇ تۈرمىدە قايسى گۇناھى ئۈچۈن كىمگە قانداق تۆۋە قىلىشى كېرەك؟ ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ مەھبۇسلۇقى ئادالەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن دەپ قارالغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ كىمنىڭ ئادالىتى ۋە بۇ قانداق ئادالەت؟ ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىنى (سۇرۇكىنى) ۋە كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ھەم بىلىش ھوقۇقى بېرىلدىمۇ؟ ئۇيغۇرلار بۇ تۈرمىدە ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگىمۇ—يەنى ئۇلار خۇددى ھەرقانداق بىر مەھبۇستەك گەرچە تېنى بوغۇشلانغان بولسىمۇ ئەقلىنى ئەركىن ئىشلىتىپ پىكىر قىلالامدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ «گۇناھى» دەل ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ يوتۇۋەتمەكچى بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنلۇق، تارىخىي ۋە كۇلتۇرلۇق ئىگىسى بوپ قالغانلىقىدۇر، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىن خەلق ئىكەنلىكىنى خىتاي ئۇنتۇلدۇرۇشقا شۇنچە كۈچىسىمۇ ئۇنتۇماي، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىغانلىقىدۇر. ئۇ خىتايغا شۇنىڭ ئۈچۈن «توۋا» قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىدىيىگە ئىگە بولۇشى خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆۋە قىلىش يولى ئارقىلىق خىتايغا بىلىنىشى ۋە ئاشكارىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئۇلارنى بېسىۋېلىش ئارقىلىق ئۇلارغا بەرگەن «مېھىر شەپقىتىگە» رازى بولۇپ، خىتاينىڭ يۈۋاش پۇقراسى بولۇشى ۋە خىتاينى قۇتقۇزغۇچىسى دەپ بىلىشى كېرەك. مانا بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە

ئۆپئوچۇق تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئادالەت دەپسەندىچىلىكىنىڭ——ئادالەتسىزلىكىنىڭ ساختا نىقابلار بىلەن پەردازلىنىپ «ئادالەت» سۈپىتىدە بازارغا سېلىنىشىدۇر. مانا مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ بۇ كوللېكتىپقا كەلتۈرۈۋاتقان ئاخىرقى زوراۋانلىقى دەل *ئىدىيە زوراۋانلىقىدۇر*. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىدىيە زوراۋانلىقى خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ هېچقانداق ئىدىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە يول قويماسلىقىنى ئەمەس بەلكى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىرلا خىل ئىدىيىگە ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىدىيىنى ئۇيغۇر كوللېكتىپىنىڭ ئېڭىدا چوقۇم قىلىش كېرەك بولغان هەرىكەت ۋە ئوي مىزانى سۈپىتىدە يىلتىز تارتقۇزۇۋېتىش خىتاينىڭ ئىدىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تۈپكى خاراكتېرىدۇر. بۇ ئارقىلىق خىتايلار ئۇيغۇرلارنى بۇ هەرىكەت ۋە ئوي مىزانىغا خىلاپلىق قىلسا تەبىئىي هالدىلا گۇناھ هېس قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى سورايدىغان ۋە خىتاينىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدىغان قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق خىتاي هۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنىڭ پەقەت خىتاي ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى هەققىدە ئىشەندۈرىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ هەممىسى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر كوللېكتىپىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا خىتايغا قارىتا تارىختىن بېرى ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنتايىن ئىرەن قورقۇنچ ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ۋە بۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش، شۇنداقلا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. دەل قورقۇنچ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇقەددەس تۇپرىقى بولغان ئېڭىنىمۇ (قەلبىنىمۇ) مۇنقەرز قىلىشىنىڭ يولىغا ئايلانغان. بۇ مۇنقەرزلىك شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇكى، ئۇنى ئاڭقىرىش ۋە ئۇنىڭغا تەقابىل تۇرۇش شۇ قەدەر تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا قورقۇنچ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك هېسسىياتىنى ۋە كۈلتۈر پەرقىنى ئۇستىلىق بىلەن نىقابلاپ، ئۇيغۇرلارنى *ئۆز ئىچىدىن ئۆز ئۆزىگە دۈشمەن قىلىپ قويىۋاتىدۇ*.

ئۇيغۇر مەۋجۇدىيىتى نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خىرىسلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ تاجاۋۇزچى خىتاي دۆلەت ئاپپاراتىغا بولغان قورقۇنچىنىڭ بىر تەرەپلىمە هالدا كۈنسېرى ئېغىرلاپ بېرىشى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشىشىدۇر. خىتاي مائارىپتىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن هالقىلىق تەلىم تەربىيە بازىسىنى تۇتقا قىلىش ئارقىلىق ۋەتەنپەرلىك تەربىيىسى نامىدا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى قۇدرەتلىك ئارمىيىگە ۋە ئاتالمىش بەش مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخىغا، شۇنداقلا ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈنسېرى روناق تېپىۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى پۈتۈن چارە ئاماللار بىلەن بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا قورقۇنچ شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. خىتاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنتايىن

ستراتېگىيىلىك يوسۇندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ھەيۋەتلىك تەشۋىقاتنىڭ ئۇنۇم بېرىشى نەتىجىدە ئۇيغۇر كوللېكتىپىنىڭ ئېڭىدا خىتاينىڭ بۇرۇنقى ئاجىز ۋە ئەخلاقسىز مىللەت دەپ قارىلىشتەك سەلبىي ئوبرازى بارغانسېرى يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئوبرازى——يەنى ھەر تەرەپتىن گۈللىنىۋاتقان ۋە خەلقئارادىكى ئورنى كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ۋە مىللەتلىك ئوبرازى تىكلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بارغانسېرى قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ قورقۇنچ ئوبيېكتى بولغان خىتايلارغا ئۆزلىرى بىلىپ بىلمەي نۇرغۇنلىغان ئاكتىپ سۈپەتلەرنى قوشۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قەلبىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈۋېتىپ (ئىدېئاللاشتۇرۇپ) بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلغانسېرى، قورقۇنچى ھەسسىلەپ ئېشىۋاتىدۇ——مانا بۇ قورقۇنچ بىلەن قورقۇنچ ئوبرازىنىڭ مۇناسىۋەتلىشىشىدىن كېلىپ چىققان رەزىل ئايلانمىدۇر. نەتىجىدە بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئاڭسىز ھالدا ئۆز قەلبىدە ئىچكىيلەشتۈرۈۋالغان خىتايلارنىڭ زىيادە كۆپتۈرۈلگەن ئوبرازىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتمەكتە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمدە قىيىن —قىستاققا ئۇچراش، جازالىنىش ۋە ئۆلۈمگە قارىتا تۇغما قورقۇنچ تۇيغۇسى بار. ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىدە مىدىئا ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۆپتۈرۈپ تەرغىپ قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئۇنسۇرلىرى» دەپ قارىلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەركىنلىك ئىزدىگۈچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۈرمە ھاياتى ۋە خانۇ ۋەيران بولغان ئائىلىۋى ھاياتى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدىكى قورقۇنچنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. خىتايلار مۇشۇ ئارقىلىق باشقا ئۇيغۇر ئاممىسىغا ئىبرەت قىلغۇزۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلاردا خىتاي ھاكىمىيىتىدىن قورقۇش پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا كوللېكتىپ ھالدىكى قورقۇنچنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۇيغۇرلارنى ئۆز كەلگۈسىگە قارىتا ئىشانچىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. دىمەككى، ئىچكى ۋە تاشقىي ئامىللارنىڭ رولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن *زىيادە* ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلۈپ چىقىلغان قورقۇنچ ئېڭى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇلدى——يەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىچكىيلەشتۈرۈلدى. ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك بولغاچقا ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بىردىنبىر تاللاش ئىكەنلىكىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىغا قۇيۇۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئەنە شۇ قورقۇنچ قانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتسا خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ئۇنى ئۇكۇشلۇق يۈرگۈزۈشى شۇنچە ئوڭايلىق بولىدۇ، ھەتتا خىتايلار قىلچە كۈچىمەيلا ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ ھازىرقى سىياسىي تەقدىرىنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز قوبۇل قىلدۇرالايدۇ ۋە ھەتتا ئۇلارنى مۇستەقىل بولۇش غايىسىدىن بىر پاي ئوق چىقارماي تۇرۇپ ۋاز *كەچتۈرەلەيدۇ.*

ئىچكىلەشتۈرۈلگەن قورقۇنچ ئىگى تاشقى جەھەتتىن پوپوزا ۋە بېسىم كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان قورقۇنچتىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا قورقۇنچ ئىچىدىن يەنى قەلبتىن ھېس قىلىنىپلا قالماستىن تېخىمۇ يامىنى قورقۇنچ ئوبيېكتى بولغان خىتاي ئوبرازى قەلبتە ھەر *ۋاقىت* ئىنتايىن قۇدرەتلىك ۋە يېڭىلمەس كۈچ ئوبرازى سۈپىتىدە چۈشىنىلىدۇ. ھەتتاكى بۇ ئوبراز قەلبتە مېنىڭ يەنە بىر ھالىتىمگە يەنى مېنىڭ يەنە بىر «مەن» ىمنىڭ شەكلىگە كىرىۋېلىپ ئەسلىدىكى «مەن» ىم بىلەن توقۇنۇشىدۇ. خىتاينىڭ تەھدىتى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە مۇشۇ يول ئارقىلىق ھېس قىلىنىپ تۇرىدۇ. قارىماققا، شەرقىي تۈركىستاندا ھەممە خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ئوقىتى بىلەن ئالدىراش يۈرىۋاتقاندەك قىلىۋاتقىنى بىلەن، لېكىن چوڭقۇر دەرىجىدە ئىچكىلەشتۈرۈلگەن ۋە كۆرۈنمەس قورقۇنچ ئىگى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى ۋە پىكىر قىلىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولى ۋە يولى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل ئىچكىلەشتۈرۈلگەن ئوبرازنىڭ ئۇيغۇر كوللېكتىپ ئىگىدا يوشۇرۇن رول ئوينىشى ئارقىسىدا بەزى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى خۇددى خىتايلار تەكشۈرىۋاتقاندەك تەكشۈرۈشكە چۈشىدۇ ۋە قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكىتىنىڭ خىتاينىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىچە كۆچەيدۇ. خىتايلار

خىتايلار دەل مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىۋاتىدۇ.

زىيادە قورقۇنچنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق دۈشمەنىنىڭ ئىچكىلەشتۈرۈلگەن ۋە كۆپتۈرۈلگەن ئوبرازى ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىنى ۋە ئىرادىسىنى ئىچكى جەھەتتىن بىر نەچچە قاتلامغا بۆلۈۋېتىدۇ. بۇ بۆلۈنۈش ئەركىنلىكنى خالايدىغان ۋە ئۇنى تاشقى جەھەتتىن كېلىدىغان ھېچقانداق بېسىمنىڭ توسقۇنلۇقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈرگۈزۈشنى ئىستەيدىغان ئەسلىدىكى «مەن» بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى توسىدىغان ۋە ئۇنى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنىڭ خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق كونترول قىلماقچى بولغان يەنە بىر «مەن»ىم يەنى خىتاينىڭ ئوبرازىنىڭ ئىچكىلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق مېنىڭ ئىگىمنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىۋالغان يەنە بىر «مەن» ىم ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە توقۇنۇشتۇر. ئىككىنچى مەنىدىكى «مەن» دەل خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان نەچچە ئون يىللىق دۆلەت تېررورلۇقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ «مەن» ئۆزىدىن پۈتۈنلەي ياتلاشقان «مەن» بولۇپ، ئۆزى بىلىپ بىلمەي دەل ئۆزىنىڭ ئەزگۈچىسىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. مەسىلىنىڭ ئەڭ ئىنتىراپلىق تەرىپى شۇكى، بەزى ئۇيغۇرلار ئۆز قەلبىدىكى مانا مۇشۇ ياتلاشقان «مەن» نىڭ ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ ئىچكىلەشتۈرۈلگەن ئوبرازى ئىكەنلىكىنى *بىلمەيدۇ*. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ھەر بىر پىكىرنى ۋە ئىدىيىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە پىكىرى دەپ قارايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي

ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا ئويناتقان دەھشەتلىك زۇلۇم ئېلىپ كەلگەن قورقۇنچنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىچكىيلەشتۈرۈۋېلىپ، سېزەلمىگەندەك دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئاڭقىرىشىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىۋالدى. ئەڭ دەھشەتلىكى، شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە «ئۇيغۇرلۇق» بىلەن «خىتايلىق»تىن ئىبارەت چوقۇم ساقلىنىشى كېرەك بولغان كۈلتۇر پەرقى ئەسلىدىكى «مەن» بىلەن ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن «مەن» نىڭ ئۈتتۈرىسىدىكى پەرقنىڭ يوقىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىشقا باشلايدۇ: *مەن ئاخىرىدا ئۆز ئىچىمدىن ئۆزۈم سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆزەمنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇلىمەن.* مېنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىم بولغان خىتاي بولسا مېنى ئۆزىنىڭ ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن ئوبرازى، سۈرى ۋە ھەيۋىتى ئارقىلىق يوشۇرۇن تەرىزدە ئونۇملۇك باشقۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى مانا مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق ئېلىپ كەلگەن قۇتۇلغۇسىز قورقۇنچتا ياشاشقا مەجبۇرلانغاچقا، ئۇلار ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى بارغانسېرى يوقىتىپ قويىۋاتىدۇ، ئۆز ئۆزىدىن — ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن بارغانسېرى ياتلىشىۋاتىدۇ ۋە بەزىدە ھەتتا ئۆز ئۆزىدىن ئۆزى بىلىپ بىلمەي نەپرەتلىنىۋاتىدۇ. ئۆزىدىن نەپرەتلىنىش قورقۇنچ ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر ئاقىۋەت بولۇپ، ئەسلىدىكى «مەن» بىلەن ئىچكىيلەشتۈرۈلگەن «مەن» نىڭ — يەنى خىتاينىڭ «مەن» سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئەسلىدىكى مەننى كونترول قىلىشى ۋە داۋاملىق توختىماي ئەيىبلەپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا خۇددى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىۋاتقان تۇيغۇغا كېلىش ۋە ئۆزىنى گۇناھ ئۆتكۈزىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرۇشتۇر. ئەڭ ئاخىرىدا، ئادەم ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاۋېرىش جەريانىدا ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان سىياسىيسىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ پسىخىكىسىغا قارىتا بىر قوللۇق ئېلىپ بېرىلغان پسىخىكا زوراۋانلىقى ۋە زىيانكەشلىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدىكى قورقۇنچ شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىزنىلا ئەمەس بەلكى چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنى قورقۇنچنىڭ بىۋاستە قۇربانلىقى بولىۋاتىدۇ دېسەك، ۋەتەن سىرتىدىكىلەر ئۇنىڭ ۋاستىلىق قۇربانلىقى بولىۋاتىدۇ، دېيىش مۇمكىن. ئەگەر ئالدىنقىسى بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بىرىنچى خىل قورقۇنچقا — ئۆزى بىۋاستە تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان ھەم ئاز تولا بىلىدىغان لېكىن ئۆزىنىڭ پىزىكىلىق قابىلىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ئوبيېكت ئېلىپ كېلىدىغان ئىزتىراپىنى كۆزدە تۇتسا، كېيىنكىسى ۋاستىلىق ھەم ئاسارەت خاراكتېرلىق تەشۋىشنىڭ ئوبيېكت ھازىر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى ئادەمنى قىيناپ تۇرىدىغان دەككە-دۈككىلىك روھىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چەتئەلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھېلىھەم خىتايدىكى ۋاقتىدا قەلبىدە خىتاي ھاكىمىيىتى ئىچ ئىچىگىچە سىڭدۈرۈۋەتكەن

قورقۇنچنىڭ ئاسارىتىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە ئۇنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە غەرب ئەللىرىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرۇشنى رىغبەتلەندۇرىدىغان ،ئۇنى قانۇنىي يوللار بىلەن قوغدايدىغان ۋە ئۇنى تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن قاندۇرىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقىنىغا قارىماي، يەنىلا قەلبىدە ئىچكىيلەشتۇرۇلگەن قورقۇنچتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. مەسلىنىڭ ئەڭ سەزگۈر تەرىپى شۇكى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تاشقىي جەھەتتىن ھەچقانداق توسقۇنلۇق، بىسىم ۋە پوپۇزا يوق بولسىمۇ ، *لېكىن ئۇلار قەلبىدە يەنىلا ئەركىن ئەمەس*—چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى ئۇلارنىڭ قورقۇنچى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ۋە تۇنجۇقتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ قەلبى ختاينىڭ ئۇلارنى بىر مىنۇتمۇ ئارامىدا قويمايدىغان سۇرلۇك ئوبرازى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىغلىق ۋە باشقۇرۇقلۇق. ختايلار دەل ئەنە ئاشۇ قورقۇچنىڭ ئاسارىتى ئارقىلىق ئۇلارنى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىرنىڭ نىرىسىدىكى بىخەتەر جايدىمۇ خۇددى ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستاندا باشقۇرغاندەكلا باشقۇرىۋاتىدۇ. دىمەك ئۇلار ختاي تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ قەلبىدە تىخىمۇ ئىچىنىشلىق تەرىزدە ئېزىلگۈچىلەردۇر: ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەركىنلىكنى رەت قىلىپ، قورقۇنچ ئىلىپ كەلگەن ئىچكى ئاسارەتنى بىر خىل بىنورمال پىسخىكىنىڭ يوشۇرۇن رول ئويىنىشى ئارقىسىدا قوبۇل قىلغۇچىلاردۇر.

دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر زىندان ئىنساننىڭ ئۆز قەلبىدىكى قورقۇنچنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قىلىشتىن ئۆتە قورقۇنچلۇق ئەمەستۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى كوللېكتىپ ئىگى ختاينىڭ ئادەم قىلىپىدىن چىققان قورقىتىپ باشقۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماقتا. ئەگەر بىزنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۇرۇش ئىشلىرىمىز چوقۇم ساغلام بولغان كوللېكتىپ پىسخىك ساپاغا موھتاج دېيىلىدىكەن، بۇ چوقۇم ئالدى بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزنى قورقۇنچتىن ئازاد قىلىشتىن باشلىنىشى كېرەك. قەلبىمىزنى قورقۇنچتىن ئازاد قىلالماي تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەركىن پىكىر قىلالماي تۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ھەققىدە ئىنسانىي مەنىدىكى قارارنى ئالغىلى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر بىر چىمدىم تۇپرىقىدىن ختاي باسقۇنچىلىرىنى ئۈزۈلكېسىل قوغلاپ چىقىرىشنىڭ بىرىنچى قەدەمى چوقۇم ئالدى بىلەن قەلبىمىزدىن بىزنى قورقۇنچقا سېلىپ كەلگەن ختاينىڭ ئوبرازىنى پاكپاكىز قوغلاپ چىقىرىشتىن، قەلبىمىزنى ھەرقانداق يات كۈچنىڭ ۋە ئوبرازنىڭ كونتروللىقىدىن ئازاد قىلىشتىن باشلىنىشى كېرەك. دەل مانا مۇشۇ چاغدا بىز ھەقىقىي ئەركىنلىكنى ئىزدەش، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرىشىش ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئېرىشىش قەدىمىنى باسقان بولىمىز. قەلبىنىڭ قورقۇنچتىن خالىي ئەركىنلىكى بىزنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر.

نىسبىتى نۆل دەرىجىدە بولغانلىقتىن، يېقىنقى بىر قانچە ئەسىر داۋامىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېچىنىشلىق مەغلۇب بولۇپ كەلدى. كامالەت پەقەت بىر ئاللاھقىلا خاستۇر. يولباشچى بولغانلارمۇ ئىنسان بولغانلىقتىن، بەزىبىر خاتالىقلار ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. كەم







—كۈتىسىز رەھبەر ئىزدىمەكچى بولساق بىز تا قىيامەتكىچە بىرەرمۇ يولباشچىغا ئېرىشەلمەيمىز. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا پەرىشتىمۇ ئەۋەتىلمەيدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىن پەقەت ئىنسان رەھبەرلەر ۋە يولباشچىلار چىقىدۇ. بىزنىڭ مىللىي دەۋايىمىز پەقەت ھەممە بىردەك ئىتتىپاقلىشىش ۋە يولباشچىلىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇش بىلەنلا غەلىبە قىلالايدۇ.

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالغاندىمۇ، مۇسۇلمانلار يولباشچىلىرىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىرلىك ۋە

## مۇھتاج تەشنالى

دۇنيادا ھەر قانداق دىن، ھەر قانداق مىللەت ۋە ھەر قانداق بىر جەمئىيەت يولباشچىغا موھتاجدۇر.

يولباشچىسى بولمىغان مىللەت خۇددى پادىچىسى بولمىغان پادىلاردەك چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. مۇنداقلار خىرىس قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « بۆرە پەقەت پادىدىن ئايرىلغان قويلارنىلا يەيدۇ»دەپ كۆرسەتكەن(تىرمىزى رىۋايىتى). تارىخىمىزدىكى ئاچچىق ساۋاقلار بىزنىڭ ئىناقسىزلىق، بىرلىشەلمەسلىك، يولباشچىغا ئەگەشمەسلىك ۋە ئۆز بېشىمچىلىق قاتارلىق يېتەرسىزلىكلىرىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن زور كۈلپەتلەرنى، كرىزىسلارنى ۋە ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

بىزدە يولباشچىلىمىزنىڭ ئەتراپىغا مەھكەم ئۇيۇشۇش، ئارقىسىدىن ئىزچىل يۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش

ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئىش ئېلىپ بارغان ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنىڭ ھەربىر قەدەملىرى غەلىبە بىلەن پۈتۈلگەن ئىدى. پەقەت ئۇلار ھەر خىل پىتنىلەر سەۋەبلىك بۆلۈنگەندىن كېيىنلا بارچە مۇسىبەتلەر، چېكىنىشلەر ۋە مۇستەملىكىگە چۈشۈشلەرنىڭ ھەممىسى يۈز بەردى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام « سىلەردىن ئۈچ كىشى بىر يەردە بولسا، ئۇلاردىن بىرى ئىمام بولسۇن »دەپ كۆرسەتكەن(تىرمىزى رىۋايىتى). بۇ ھەدىس ھەر قانداق جايدا جامائەتچىلىكنىڭ ۋە يولباشچىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ھاۋادا ئۇچقان ئايروپىلان ۋە دېڭىزدا يۈرگەن پاراخوت نىشانلىغان يېرىگە خەرىتىسىز يېتىپ بارالمىغاندەك، بىر مىللەت يولباشچىسىز كۆزلىگەنلىرىگە يېتەلمەيدۇ، مەقسەت قىلغان مەنزىللىرىگە يېتىپ بارالمايدۇ. باشسىز قالغان مىللەتنى ھەركىمنىڭ بوزەك ئەتكۈسى كېلىدۇ. چۈنكى يولباشچىسىدىن ئايرىلغان خەلق ئاجىز بولغانلىقتىن، كۈچىنى توپلىيالمايدۇ ۋە دۈشمىنى ئالدىدا تىزلا تۈزۈپ كېتىدۇ

لىدىرلار، داھىيلار ۋە يولباشچىلار ئانىلىرىنىڭ قۇرساقلىرىدىن شۇنداق لىدىر، داھىي ۋە يولباشچى بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. ئۇلارنى خەلق يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېتەكچىلىك قىلىش سەۋىيىسى بار كىشلەرنى خەلق ئۆزلىرى ئالدىغا سېلىپ يۈرۈپ يېتىشتۈرىدۇ، چېنىقتۇرىدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ. پەلەستىنلىكلەر ياسىر ئارافاتنى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ سىمۋولى، پەلەستىنلىكلەرنىڭ بايرىقى قىلىپ بېشىدا كۆتۈرگەنلىكتىن، پەلەستىن مەسىلىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىدى ۋە پەلەستىنىنىڭ ئازاتلىق ئىشىنى خەلقئارادا ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان بىر مەسىلىگە ئايلاندۇرالىدى.

بىر مىللەتنى يېتەكلەيدىغان لىدىرنىڭ دوكتۇر، پروفېسسور،گېنىرال ۋە مارشال بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس. دۇنيا تارىخىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەڭ زور ئىنقىلابلارنى ۋە چوڭ نەتىجىلەرنى قازانغان لىدىرلارنىڭ، داھىيلارنىڭ تولىسى ئوتتۇرا مەلۇماتلىق كىشلەردۇر. ھەتتا ئىنسانىيەت ۋە ئىسلام تارىخلىرىدا ئەڭ كۆپ كىتاب يازغان ۋە ئەڭ چوڭ ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «دوكتور»، «پروفېسسور»دېگەن ئۇنۋانى يوق كىشلەردۇر. شۇڭا بىز مىللىي مۇجادىلىمىزگە ئۆزىنى ئاتاپ، پۈتۈن ھاياتىنى خەلقى ئۈچۈن بېغىشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان يولباشچىلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئۇنۋانلىرىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرماستىن ئارقىسىدىن بىرگە مېڭىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:« سىلەرگە كۆرۈمسىز قارا تەنلىك قۇل باشلىق بولۇپ سايلانسىمۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەر قانداق بىر ئىشتا يېتەكچىگە بويسۇنۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

بىزنىڭمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش بىر يولباشچىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، خەلقىمىزنىڭ دەرت —ئەلەملىرىنى ۋە ئارزۇ —ئارمانلىرىنى خەلقى ئالەمگە ئاڭلىتىشىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىزنىڭ ۋاقتى ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلدى.

—پاراغەتتىن، مال — ئۆزىنىڭ راھەت دۇنياسىدىن، مەنسەپ، ئابرويدىن، ئىسسىق ئۆيدىن ۋە ھەر نەرسىسىدىن ۋاز كېچىپ، بارلىقىنى خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن بىر قەھرىمان ئانا خۇددى ھىندىستانلىقلارنىڭ ئۇلۇغۋار داھىيسى گاندى مىسالى ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى خەلقى ئالەمگە ئاڭلىتىش، ئۇيغۇرنىڭ ھۆرلۈكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلىش يولىدا مەيدانغا چۈشتى. قېنى خەلقىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دەيدىغان ئەركەكلەر بولسا بۇ ئانىنى ئۈلگە قىلىپ مەيدانغا چۈشسە بولىدۇ. ئۇ بىر ئانا، ئۇ بىر سىمۋول، ئۇ بىر يېتەكچى، ئۇ بىر پىداكار. ئۇ بولسىمۇ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە قادىر خانىمدۇر.

بىز ئۇيغۇرلاردا لىدىر بولۇشنى ياقتۇرىدىغانلار ۋە ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ھېچبىر ئىش قىلماستىن ئۆزلىرىنى داھىي ئاتىۋالغان، قولىنى ئىسسىق سۇدىن سوغۇق سۇغا تىقىپ باقمىغان، خەلقى ئۈچۈن كىچىككىنە بەدەل تۆلەشكىمۇ چىدىمايدىغان، پەقەت تەييارغا ھەييار بولۇشنى خالايدىغان، نازۇك داھىيلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما ھازىرقى مۇشۇ دەۋردە، مۇشۇ شارائىتلار ئاستىدا چىن يۈرىكىدىن خەلقى ئۈچۈن كۆيۈنۈپ، خەلقىنىڭ دەردىنى ئۆز دەردىم دەپ بىلىپ، ئېزىلگەن بىچارە خەلقىنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولۇشنى ئويلاپ مۇشتىنى تۈرگەن، زالىم خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدىكى ئازاب —ئوقۇبەتلەرنى خەلقى بىلەن بىللە تارتقان، خەلقىنىڭ بېشىدىكى ئېغىر كۈنلەرگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۆزىنىڭ ھەر قىممەتلىك نەرسىسىنى پىدا قىلىپ، پۇل، ئابروي، مەنسەپ ھەممىدىن ۋازكېچىپ خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش يولىنى تاللىغان رابىيە خانىمدەك ئىككىنچى بىر داھىي، بىر يولباشچى ۋە بىر لىدىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققىنى يوق! رابىيە خانىمنىڭ خىتاي تۈرمىسىدىن ئازاد بولۇپ، يىراق دۇنياغا چىققىنىدىن بۇيانقى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى، ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى يىراق دۇنيا كىشىلىرىگە، ھۆكۈمەتلەرگە، پارلامېنت ئەزالىرىغا ئاڭلىتىش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغۋار نەتىجىلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

بىز ئۇيغۇرلار بۇنداق بىر پىداكار ئانىمىزنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ھەقىقەتەن تەلەيلىكمىز. بۇ بىزگە كەلگەن تارىخىي پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ پۇرسەتتىن قانداق پايدىلىنىش بىزگە باغلىق.

قىزىل خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدە ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى، ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ دىنىي ۋە مىللىي بۇرچىدۇر. خۇددى مەككە پەتھى قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مەككىدىن زورلۇق بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلغان مۇھاجىرلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئانا يۇرتى قايتىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىلىرىدىن بولغان بىر ۋەزىپىنىڭ تاماملانغىنىدەك، ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىمۇ زالىملار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغان مۇسۇلمان يۇرتىنى ئازات قىلىش يولىدا بارلىقىنى ئاتىشى بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

خىتاي تۈرمىلىرىدە مىڭلارچە، ھەتتا يۈزمىڭلارچە ۋىجدان قۇربانلىرى، ۋەتەن ئوغلانلىرى يېتىۋاتىدۇ،

قىيىن- قىستاقلارغا ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنىڭ قۇربانلىرى بولغان ئۇيغۇر ئانىلىرى قورساقلىرى كېسىلگەن، پىچىلغان ۋە يېرىلغان ھالدا ھاياتلىقتىن كۆز يۇمىۋاتىدۇ. قىزىل خىتاينىڭ بۇ ۋەھشىي سىياسىتىگە، ناھەقچىلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىغان ۋىجدان ئىگىلىرى تۈرمىلەرگە تۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەجەپمۇ شەپقەتسىز بىر زامان بولدى،

پالاكىتى ئۆتمۈشتىن يامان بولدى.

زالىملار قان ئىچىشتە ھەددىدىن ئاشقان،

خەلقىنىڭ تاقىتى تۈگەپ، غەزىپى تاشقان.

زىندانلار «ھەق»دېگەنلەر بىلەن تولغان،

گۆردىكى چوڭ سوراقلار ئۆلمەستىن بولغان.

پاك تەنلەرنى ۋەھشىي چايانلار چاققان،

ئىسسىق قانلار سۇ كەبى ھەريان ئاققان.

ئاھالىلەر ھەممىسى ھالسىزلانغان

«بىزگە ئۇۋال» دېگەننى قولغا ئالغان .

بۇنىڭغا ئوخشىغا مىڭلارچە جەبىر —زۇلۇم ۋە ئازاب —ئوقۇبەتلەرنى خەلقى بىلەن بىرگە تارتقان، يەنە مىڭلارچىسنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ھەممىنى بىلگەن بىر قەھرىمان ئانا خەلقىنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىش ۋە ئۇلارنى بۇ زۇلۇملاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئەمدى ۋەتىنىم ئۈچۈن، خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دېگەن ھەرقانداق ۋىجدان ۋە ئىمان ساھىبى ئىككىلەنمەستىن بۇ سەپكە قوشۇلۇشى ۋە كارۋاندىن ئايرىلىپ قالماي ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئاتلىنىشى لازىم.

قېرىنداشلىرىمىز خەلقىمىزنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا باشقا چارىلەرگىمۇ باش ئۇرۇپ كۆردى. قوللىرىغا قورال ئېلىپمۇ كۆردى.ئەپسۇسكى، ئۇ چارىلەرگە ھازىرقى زاماننىڭ شارائىتى ۋە ۋەزىيىتى يار بەرمىدى. شۇڭا ھازىرقى ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ۋە ھازىرقى بۇ ۋەزىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسىنى تىنچلىق ۋە دىپلوماتىيە يوللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىشتىن باشقا چارە يوق ئىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە قادىر خانىم ئەنە مۇشۇ دەۋانىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا كىردى.

قېنى مەيدان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى كۈتمەكتە!





# ختاي هۆكۈمىتىنىڭ بېيىشقا يېتەكلەش سىياسىتى ئۇيغۇرلارنى نەرمىگە يوللاشمۇ؟

**ئەنۋەر ئۆمەر**

بۇ ماقالىگە قەلەم تەۋرىتىشتىن ئىلگىرى، ختاي هۆكۈمىتىنىڭ بېيىشقا يېتەكلەش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى سىياسەتلىرىنىڭ ماهىيەتلىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. هېلىمۇ ئېسىمدە، كىچىك چاغلىرىمدا قوناق ئۇنىدا پىشۇرۇلغان هور ناننى ياپراقتەك كېسىپ مەشتە قىزارتىپ يەۋاتقىچە دادامنىڭ:" قانداق جاهان بولۇپ كەتتى، بۇ قانداق سىياسەت؟ ئېتىزدىن بىر دان هوسۇل ئېلىنمىسا ئېلىنمىسۇنكى، سىنىپى كۈرەش چىڭ تۇتۇلسىلا بىزنىڭ غەلبىمىز شۇ. بۇ قانداق مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؟" دەپ غودۇراشلىرى هازىرمۇ قۇلىقىم تۈۋىدە تۇرۇپتۇ.


1949-يىلى دېهقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ماۋ زېدوڭ ئۆزىنىڭ كوممونىستىك پارتىيە يېتەكچىلىكىدىكى هاكىمىيىتىنى تىكلەپ، ئەسىرلەردىن بېرى " ئەپيۇن ئۇرۇشى"، "غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زوراۋانلىقى"، " مىلىتارىستلار ئۇرۇشى"، " ئىچكى ئۇرۇش"، " ياپونغا قارشى ئۇرۇش" ۋە يەنە " ئىچكى ئۇرۇش"تەك پاجىئەلىك تراگېدىيىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ختاي مىللىتىگە هەمدە ئۆزى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان باشقا مىللەتلەرگىمۇ كوممونىستىك هاكىمىيەتنىڭ يېڭى دىكتاتۇرىسىنى باشلىدى. ماۋ زېدوڭ ئەينى چاغدىكى ليۇ شاۋچى قاتارلىقلار ختاي زىيالىيلىرىنىڭ "پىلانلىق تۇغۇت"نى يولغا قويۇش، "خەلقنى بېيىشقا يېتەكلەش"تەك توغرا ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە يول تۇتتى. ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلمىغان بىر تۈركۈم مىللەتپەرۋەر ختاي زىيالىيلىرىنى كۆزدىن يوقاتتى. ماۋزېدوڭ 1966-1976-يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش " مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى" دىن ئىبارەت سىياسىي بوران-چاپقۇن ئارقىلىق، پۈتۈن ختاي تېررىتورىيىسى ئىچىدە چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت هاكىمىيىتى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. خەلقنى نادانلىقتا، ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالدۇرۇپ جېنىدىن جاق تويغۇزىدۇ. 1976-يىلى ماۋ زېدوڭ ئۆلگەندىن كېيىن پىشىۋالىرىنىڭ نەسىيەتلىرىنى ئۇنتىمىغان دېڭ شياۋپىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن 1980-يىلىدىن باشلاپ "سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەهەتتە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش"، " خەلقنى بېيىشقا قاراپ يېتەكلەش" قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېڭىز ياقىسىدىكى بىر قىسىم ئورۇنلار ئەۋزەل

شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ "ئالدىن بېيىغان 100 ناھىيە، بېيىغان ئائىلىلەر ، شەخسىي كارخانىچىلار، يەككە سودا-سانائەتچىلەر" مەيدانغا كېلىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئاچ-يالىڭاچلىقتا ياشاپ كەلگەن خىتاي مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

"بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارامۇق سۇ ئىچىپتۇ" دېگەندەك، خىتاي ئىستىلاسى ئاستىدىكى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىمۇ قارىماققا ئاز-تولا ئۆزگىرىش بولدى. يەنى تارىختىن بۇيان قول-ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىقنى ئاتا كەسپى قىلغان ۋە قەدىمىي "يىپەك يولى" دىكى سودىنى گۈللەندۈرگەن ئۇيغۇرلاردىمۇ قارىماققا بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ "بېيىشقا يېتەكلەش" سىياستى ھەقىقەتەن ماھىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىمۇ بېيىشقا يېتەكلىدىمۇ؟ ياكى تۇرمىگە يېتەكلىدىمۇ؟ تۆۋەندە مەن ئۆزەم بىۋاستە ئۇچراشقان ھەم ئۆزەم بىلىدىغان ئەھۋاللاردىن بىر قانچىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن .

1980-يىللارنىڭ ئاخىرى ئەكرەم ئەپەندىم ئۈرۈمچىدە تۇنجى بولۇپ "ئەل ئەكرام سودا شىركىتى" نى قۇردى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىجارىي قانۇن-سىياسەتلىرى بويىچە تىجارەت قىلىپ، تاپقان پۇلنى ئۆزىنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۇچۇنلا ئىشلىتىپ قالماي، دىيارىمىزدىكى ئوقۇشسىز قالغان پەرزەنتلىرىمىزگە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىشنى توختاتمىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل تاپقاندا ئالدى بىلەن خەلقىگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغان خاراكتىرىنى چۈشەنگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا "ئالدامچى"دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپلا، خىتايىنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى سىياسىتىدىن ئەمدىلا پايدىلىنىپ بېيىماقچى بولغان ئۈرۈمچىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر كارخانىچىنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى... قەشقەر، خوتەن، ئاتۇشتىن كەلگەن 5 نەپەر تىجارەتچى تۇنجى تۈركۈمدە ئۈرۈمچىدە " خىنجياڭ مىھمان سارىيى"نى سېتىۋېلىپ پاي ھەسسىدارلىق شەكلىدە "بانكا" ياكى "قەرز كوپىراتىۋى" قۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلارنىڭ تەلىپى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىلمەستىن رەت قىلىندى. بۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پاي ھەسسىدارلىق شەكلىدىكى بۇ خىل تىجارەتلەر ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان چاغ ئىدى. بۇ مەزگىلدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە رۇسسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سودىسى قىزىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ دۆلەتلەردىن كەلگەن تىجارەتچى ۋە كارخانىچىلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ سودا پۇرستى ئىزدەۋاتاتتى. شۇنىڭدەك بۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بىر تۈركۈم خىتاي تىجارەتچىلىرى دىيارىمىزغا قانۇنسىز دوللار يۆتكەپ زور پايدا ئەلىۋاتقان چاغ ئىدى. بانكا ئېچىش تەلىپى رەت قىلىنغان بۇ بايلىرىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، بانكىلاردىن قانۇنلۇق دوللار سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەش ئىشىغا چۈشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشكەن خىتاي جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئۇلارغا "قانۇنسىز دوللار يۆتكىگەن"،"ساختا دوللار يۆتكىگەن" دېگەندەك بۆھتانلارنى چاپلايدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ ھالال

قان- تەرى بەدىلىگە كەلگەن نەچچە مىلليون دوللىرىنى مۇسادىر قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مۇددەتسىز تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ، بەزىلىرى سوراق جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ ۋە بەزىلىرى خانۇ ۋەيران بولىدۇ...



مەسىلەن مەتىمىن ھاجىمنىڭ ئىشىنى مىسالغا ئالايلى. بۇ ئادەم ئاتۇشتا تىجارەت قىلىپ بېيىغاندىن كېيىن، تىجارىتىنى كېڭەيتىپ ئۈرۈمچىگە كىلىدۇ. ئۇ خام تېرىنى ئىچكىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكىگەن، ئۇيغۇر ئۇششاق تېرىچىلىرىنىڭ تېرىلېرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان ھەم شۇ ئارقىلىق تىجارەتتە تازا روناق تېپىپ چوڭ بايلار قاتارىغا ئۆتكەن تىجارەتچى ئىدى. مەتىمىن ھاجىم ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ ھاۋا قاتنىشىدىن بەھرىمەن بولالماسلىقتەك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن ۋە كورلا ئارىسىدا قاتنايدىغان خۇسۇسىي ئاۋئاتسىيە شىركىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغلارمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خۇسۇسىي ئاۋئاتسىيە شىركەتلىرى ئالللىبۇرۇن قۇرۇلغان ئىدى. بىراق مەتىمىن ھاجىمنىڭ بۇ تەلىپىمۇ رەت قىلىنىدۇ. بۇ زاتمۇ يېتىم-يېسىرلارغا، ئاساسى ئاجىز مائارىپىمىزغا ۋە مەسچىت سېلىشقا ياردەم قىلىشنى ھەر زامان ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە قەرزى دەپ تونىغان. بىر قېتىم ئۇ مەسچىت سىلىشقا كۆپ پۇل ئاجراتقانلىقى ئۈچۈن بىر كېچىدىلا ئۈرۈمچىدە غايىپ بولىدۇ. كېيىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئىشەنچىلىك خەۋەرلەردىن شۇنى ئۇقتۇقكى، ئۇ "مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ياردەم قىلغان بۆلگۈنچى" دىگەن جىنايەت بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان...

يەنە بىرەيلەن ئۆمەر روزىدۇر. بۇ ۋەتەندىشىمىز ئاتا كەسپى قاسساپ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاتالمىش خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش سىياستىنىڭ روھى بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ شتاتلىق خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاتا كەسپى قاسساپچىلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىدۇ. ھالال ئەمگەكنىڭ ئەلۋەتتە شېرىن مېۋىسى بولىدۇ. ئۇ تىجارەتتە بارغانچە روناق تېپىپ، ئەينى چاغدىكى ئۈرۈمچىنىڭ 5-كۆۋرۈكىگە جايلاشقان ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى قۇشخانىنى (ئەينى چاغدىكى ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ چوڭ قۇشخانا) نى ھۆددىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىن تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ئايرىلىپ، چىقىش يولى تاپالماي ئۈرۈمچىگە كەلگەن

بىر قىسىم ۋەتەنداشلىرىمىزغا ئۆز قۇشخانىسىدىن تىرىكچىلىك قىلىشقا جاي هازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ چاغ دەل بىزنىڭ چېگرا ئېغىزلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېچىۋېتىلگەن، چېگرا سودىسى باشلانغان مەزگىل ئىدى. سودىدىكى ئالدىن كۆرەرلىكى ئۆمەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا تىجارەت بازىرىغا باشلايدۇ. ئۇبىر قىسىم مەبلىغىنى قازاقىستانغا سېلىپ، تاتلىق-تۈرۈم ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى قۇرىدۇ. بۇ دەل سوۋېتلار هاكىمىيىتى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغان مەزگىللەر ئىدى. ئۇنىڭ سودىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە يېرىم پالەچ، تۇرمۇش ئىستىمال بويۇملىرىغا ۋە يەمەكلىك ئىستىمالىغا ئېهتىياجى ۋاقتىدا توغرا كەلگەچكە تىزلا روناق تېپىپ، هەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىجارىتى تازا گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا، ئۇ بارلىق مەبلىغىنى يۆتكەپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا بىر قىسىم كىشىلەر "روزى قاسساپنىڭ باللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاغارلاپ پۇللارنى كۆتۈرۈپ يېنىپ كەپتۇ. ئۇلار ساراڭمۇ نىمە؟ تىجارەتنى ياۋرۇپا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە تەرەققىي قىلدۇرماي يېنىپ كەلگىنى نىمىسى؟" دېگەندەك غۇلغۇلىلارنى قىلىشقان. ئۆمەر بۇ سۆزلەرگە قارىتا :"مەن مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ تۇپراقتا ئۆستۈم. تاپقان پۇللىرىمنى ئۆز ئانا تۇپرىقىمنى گۈللەندۈرۈش، مىللىتىمگە ياردەم قىلىش، ئاتا كەسپىمنى ئانا تۇپرىقىمدا كېڭەيتىش، داۋاملاشتۇرۇش مىنىڭ بۇرچۇم ۋە قەرزىم" دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. شەهەر مەمۇرىي قورۇلۇش ئېهتىياجى بىلەن 5-كۇۋرۇكتىكى قۇشخانا "ئات بەيگىسى مەيدانى" (سەيماچاڭ) غا يۆتكىلىدۇ. يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ قۇشخانا دائىرە ۋە كۆلەم جەهەتتىن بىر قەدەر چوڭ هەم قاتناشقىمۇ قولايلىق بولغانلىقتىن، بۇ بازار تىزلا تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىدۇ. هۆكۈمەتنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كۆچمەن خىتاي پۇقرالىرىنى تۈركۈملەپ ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىي يەنى سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت ئورۇنلارغا يەرلەشتۈرۈش، ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئۆز دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىشى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىيدىكى دېهقانلىرىمىز بىردىن-بىر تىرىكچىلىك مەنبەسى بولغان يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە بۇ كىشىلەر ئۈرۈمچىگە كېلىپ "ئات بەيگىسى مەيدانى"دىن ئۆز تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئىزلىشىدۇ. ئۆمەر بۇ كىشىلەرگە قولدىن كېلىشىچە ياردام قىلىدۇ هەم تىرىكچىلىك يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ ۋە باشلامچى بولىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي "ئات بەيگىسى مەيدانى" پەقەتلا قۇشخانا بولۇپلا قالماي، ئاشخانچىلىق، مىۋە-چىۋىچىلىك، كۆكتاتچىلىق قاتارلىق هەممە ئۇششاق تىجارەت مەركەزلەشكەن ئۇنىۋېرسال چوڭ بازارغا ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇ چوڭ بازاردىن نەچچە يۈزلىگەن دېهقانلىرىمىز تىرىكچىلىك قىلىپ ئائىلىسىنى قامدايدۇ. بىزدە "بېشىڭنى كىم سىلىسا، باش-پاناهىڭ شۇ" دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. ئۆمەرنىڭ ئاتا ۋەسىيىتىدىكى ئاق كۆڭۈللۈكى، سودىدىكى ئادىللىقى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدىكى ئېغىر-بېسىقلىقى، مەرت-ساخاۋەتچىلىكى ئۇنىڭ هۆرمىتىنى بارغانچە ئاشۇرىدۇ. ئۆمەر يېقىندا دەپ

ئۆتكىنىمىزدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىن يۆتكەپ كەلگەن پۇللىرىنى ئۇرۇمچى "دوستلۇق"، "يەنئەن مېھمان سارىيى" ئۇدۇلىدىكى تاشلاندۇق ئەخلەت مەيدانىغا مەبلەغ سالدۇ. بۇ جاينىڭ ئىسمى ھازىر "ئالتۇن بۇلاق ئارامگاھى". يىللاردىن بېرى، بۇ ئەخلەت تۆكىدىغان جاي بولۇپ، ئەخلەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ :"توۋا ئۆمەر سەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، شۇنچە پۇللىرىڭنى بىر دۆۋە ئەخلەتكە تىكىشەمسەن؟ دۆلەت ھېچ بىر ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەن بۇ تاشلاندۇق تاشلىقتىن نېمە پايدا ئالماقچى سەن؟ ئاتا كەسپىڭ قاسساپچىلىق بىلەن شۇغۇللانساڭ بولمامدۇ؟" دەپ ئاغاھلاندۇرغاندا، ئۆمەر ئۇلارغا: "كۆكەرتىش مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى ۋە خاراكتېرى، بۇ ئەخلەتخانا بولسىمۇ بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، ئۇنى كۆكەرتىش ۋە يېشىللىققا ئايلاندۇرۇش بىز ئەۋلادلارنىڭ ۋەزىپىمىز، ئەۋلادلىرىمىزغا گۈزەل يېشىللىقنى قالدۇرۇش ھەممىمىزنىڭ قەرزىمىز، مەن بۇ يەرنى گۈل-چېچەككە پۈركەنگەن چاھار باغقا ئايلاندۇرىمەن" دېگەن ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىشقان ئىدى. ھەتتا ئائىلىسىدىمۇ نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار بولغان ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن ئارامگاھلارنى، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆز تۇپرىقىنى گۈل-چېچەككە ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئۆمەر ئەنە شۇ گۈزەللىكنى بەرپا قىلىش ئارزۇسىدىن يانمىدى ۋە نۇرغۇن دەلىل ئىسپاتلار بىلەن ئائىلىسىنى قايىل قىلىپ ئىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئالدى-كەينى بولۇپ بۇ تاشلاندۇق ئەخلەت تېيغىغا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ياۋروپا، ئاسىيا ئۇسلۇبى بىلەن بېزەلگەن ئايلانما كۆل، كۆۋرۈك، راۋاق، رېستوران، مېۋىزارلىق، تەك-باراڭلىقتىن تەركىب تاپقان گۈزەل بىر ئارامگاھنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ چاغدا ئۇنى مەسخىرە قىلىشقانلار ئۇنىڭ پەرھاتتەك ئىگىلمەس-سۇنماس باتۇر روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.



ئۆمەرنىڭ قوشخانىدىكى ۋە ساياھەت ئارامگاھىدىكى تىجارىتى تازا روناق تاپىدۇ. ئۇ ھېچقاچان ئوقۇشسىز قالغان يېتىم-يېسىرلارغا، مائارىپقا، يوقسۇللارغا ياردەم بېرىشنى ئۇنتۇغان ئەمەس. ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمىتى

بارغانچە ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن ھازىرلاپ قويغان "قارا گورۇھ" تەشكىللىگەن دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭ 16مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ بىلەن بەرپا قىلىنغان ئارامگاھىنى 3مىليون يۈەنگە (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا) ھىسابلاپلا ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزىۋالغان ھەم نۇرغۇن مال-مۈلكىنى مۇسادىر قىلىۋالغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي يەنە ئۈمەرگە "قارا جەمىيەت" تەشكىللىگەن دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، ئۇنى تۈرمىگە سولىغان. ئۇنىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش ئارزۇسى ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئاخىرى بېرىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېيىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت ساختا



سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى.

ئەمدى رابىيە قادىر خانىمغا كېلەيلى. بۇ خانىمۇ ئەينى چاغدا 60يۈەننى دەسمى قىلىپ تىجارەت باشلىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئاتالمىش بېيىش يولىغا يېتەكلەش سىياسىتىنىڭ روھى بويىچە تەدرىجى بېيىغاندىن كېيىن، تىجارەت دائىرىسىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ھالقىتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغىچە ۋە پۈتۈن خىتاي مىقياسىغىچە ھەم ئاخىرىدا خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈپ، بەلگىلىك كۆلەمدىكى ئىقتىسادىي ئاساسىنى تىكلەپ چىقىدۇ. كۆڭلىگە نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارنى پۈككەن، ۋەتەن-مىللەتنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى يارىتىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قارىغان رابىيە قادىر ئىقتىسادىنى مائارىپقا ياردەم بېرىش، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنى يۆلەش، ئوقۇشسىز قالغانلارنىڭ ئىقتىسادىنى كۆتۈرۈش، چەتئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھەرتەرەپتىن ياردەم قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. ئۆز ئىقتىسادى گەۋدىسى دائىرىسىدە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ تىجارىتى كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىپ جوڭگودىكى 100 مەشھۇر كارخانىچىلارنىڭ قاتارىغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپ كارخانىچىدىن ئاخبارات شەخسىگە ئايلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئاخبارات شەخسىدىن خىتايدىكى ۋە ئاسىيادىكى مەشھۇر شەخسلەر قاتارىغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان شۆھرىتىدىن ئەندىشە قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا بولغان نەزىرىنى ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۆز دىكتاتۇر ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ھەتتا مەملىكەت دەرىجىلىك سىياسىي سەھنىلەردىن ئورۇن بېرىدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىر-قىسمەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆزىگە

نىشان قىلغان رابىيە قادىر شۇ سىياسىي سەھنىدە ئۆز مىللىتىنىڭ هازىرقى هالىتىنى ئۆزگەرتىشنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتاي خەلقى بەھرىمەن بولىۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ ئۆز خەلقىگە يۈرگۈزۈلىۋاتقان سىياسەت بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايۋاتقانلىقى ھەققىدىكى پىكىر-تەلەپلىرىنى دادىللىق بىلەن ئىزچىل ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خىتاي دىكتاتۇر ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھەرخىل ھىيلە-مىكىرلىرىنىڭ ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىشلەشنى ئەلا بىلىدىغان بۇ جاسارەتلىك ئايالغا "دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىغان" دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ 8 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئاخبارات، نەشرىيات، سۆز ئەركىنلىكى بولمىغان ۋەتىنىمىزدە دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە ئائىت ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ ھەممىمىزگە ئايان، رابىيە خانىمنىڭ پەرزەنتلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتى "باج ئوغرىلىدى" دېگەن جىنايەت بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى. رابىيە خانىم تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، بارلىق تىجارەت دائىرىسى نەزەربەند قىلىنغان، مەبلىغى توڭلىتىلىۋېتىلگەن ھالەتتە ئۇنىڭ ئەركىن تىجارەت قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان پەرزەنتلىرى قەيەردىكى باجنى ئوغرىلىيالايدۇ؟ ئەجەبا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىزمۇ؟ ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك، رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە كارخانىلارنى باشقۇرۇش، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باجنى نازارەت قىلىش، مۇپەتتىش قىلىش



قاتارلىق ماس قەدەمدىكى يۈرۈشلەشكەن سىستېمىلىق ئورۇنلاردا ھۆكۈمەتتىن مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بىر توپ نانقېپى قوساقباقتىلارمۇ؟ خىتاي تېررىتورىيىسىدىكى بويىچە 100 باي ناھىيىنىڭ ھەممىسى سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان. خىتاي تېرتورىيىسى بويىچە ئەڭ نامرات 100 ناھىيەنىڭ 80% بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستانغا جايلاشقان. زادى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى بېيىشقا يېتەكلەش سىياسىتى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانداق ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ؟ بىر ئېغىز گەپ بىلەن يىغىنچاقلىغاندا ئۇ ئۇيغۇرلارنى ھەقىقىي بېيىشقا يېتەكلىمەستىن ئەكسىچە بېيىغانلارنى تۈرمىگە يوللاۋاتىدۇ.



بەت لاھىلىگۈچى ۋە ياسىغۇچى- ئابدۇشۇكۇر توخار

# تېررورىزم ۋە جىھاد

مەمەت يۇسۇپ

- 11-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇيان «تېررورىزم» سۆزىدەك دۇنيا تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە ئەڭ كۆپ تالاش-تارتىش ماۋزۇسى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى بىر سۆز يوق. بۇ سۆز شۇنچىلىك كەڭ ئىشلىتىلگەن تۇرۇپ ھازىرغىچە «تېررورىزم»سۆزىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەر، خەلقلەر ۋە خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىر تەرىپى يوق.

«تېررورىزم» سۆزى بىلەن «جىھاد»سۆزىنىڭ مەنىسى ئىنگلىز تىلىدىكى « Terror »سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن قورقماق، تەشۋىشلەنمەك، ۋەھىمىگە چۈشمەك ۋە ساراسىمىگە چۈشمەك «دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا «ism» دېگەن قوشۇمچىسىنى قوشقاندا «Terrorism»سۆزى »قورقۇتۇش، ۋەھىمىگە سېلىش، زوراۋانلىق قىلىش« دېگەنۋەھىمىگە سېلىش، زوراۋانلىق قىلىش« دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەرەب تىلىنىڭ لۇغەتلىرىدە ياكى ئەرەب ۋە ئىسلام قامۇسلىرىدا » ال إرهاب - تېررورىزم«دېگەن سۆزلۈك يوق ئىكەن. پەقەت ئىنگلىز تىلىدىكى«Terrorism» سۆزىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا «ال إرهاب»دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «تېررورىزم»ئېنىقمى ئىسلام مەملىكەتلىرىگە يېقىنقى يىللاردىن بىرى سىرتتىن كىرگەن بىر ھالاكەتتۇر.

ئەرەب تىلىدىكى «جىھاد»سۆزى قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىدەك 3 خىل مەنىدە كەلگەن:

1- ئاللاھ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ غازات قىلىش. مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلار، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ.

2- ھەقىقەتنى جاكارلاپ، سۆز بىلەن كۈرەش قىلىش. قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن.

3- ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل — ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. كىمكى (ياخشى ئەمەللەرنى ئورۇنلاش يولىدا) جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. «مۇجاھىد» زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى كىشى دېگەنلىكتۇر.

تېررورىزم بىلەن جىھادنىڭ پەرقى تېررورىزم بىلەن جىھاد ئىككىسى ئىككى ئايرىم نەرسىگە قويۇلغان

ئىسىمدۇر! تېررورىست مۇجاھىد دېيىلمەيدۇ. مۇجاھىدمۇ تېررورىست دېيىلمەيدۇ.

يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن تېررورىزم بىلەن جىھاد ئىككىسىنى بىر — بىرىگە قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى بولغانلىقتىن، تېررورىزم جىھاد نامى بىلەن ۋە ھەققانىي جىھاد تېررورىزم نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىشتۇر. بۇ ئىككى ئايرىم نەرسىنى بىر — بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋېتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان. قولىغا قورال ئالغانلارنىڭ ھەممىسى «تېررورىست»دېيىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئازغۇنلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت يولىغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ھەق — ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغان داھىيلارنى، ئۆتمۈشلەردىكى ئادالەتلىك پادىشاھلارنى ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ قوللىرىغا قورال ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى «تېررورىستلار»دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. ئەقىل، شەرىئەت ۋە رىئاللىقلار بۇنداق دېيىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

تېررورىزم - يولسىزلىق بىلەن قىلىنىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدۇر. ئۇنى شەخسلەر قىلغىنىدەك، دۆلەتلەرمۇ قىلىدۇ. تېررورلۇق — يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش، ئىنسان ھاياتىنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىش ۋە كىشىلەرنى قورقىتىش، ناھەق قان تۆكۈش قاتارلىق ۋەھشىي قىلمىشلار بولۇپ، دۇنيادىكى پۈتۈن دىنلار بۇنى رەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى مەۋقەسىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان.«ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار».

قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان، ئىنسان ھاياتىغا تەھدىت قىلىدىغان تېررورىستلارغا بېرىلىدىغان جازانىمۇ ئېنىق بەلگىلىگەن.« ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئۇڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ ».

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ دەستۇرلىرىدىكى پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاجىزلارنى قول قىلماقچى بولغان ئىستىلاچىلارغا، زالىملارغا، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغماقچى بولغان دىكتاتورلارغا قارشى ھەققانىي كۈرەش قىلىشتۇر. كۈرەش گاھ قورال بىلەن، گاھ قەلەم بىلەن، گاھ سۆز ( يەنى دەۋەت) بىلەن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ « دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر». دېگەن شانلىق پرىنسىپىنى 14 ئەسىردىن بىرى ئېلان قىلىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان

جىهاد — كىشىلەرنى زورلاپ مۇسۇلمان قىلىش دېگەنلىكنى ئىپادىلىمەيدۇ. جىهاد ئەڭ دەسلەپتە مەككىدىكى زۇلۇم ۋە ئازاب — ئوقۇبەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغان مۇھاجىرلارنىڭ ھەق — ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا بۇيرۇلغان ئىدى. « ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر». مانا بۇ، جىهادنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېنىق تەرىپىدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئىسلام دىنىدا جىهاد ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى، ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى قۇللۇقلاردىن ۋە ھەرخىل بېسىمدارلىق ھەم دىكتاتورلۇقلارنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولغان غازاتلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۇھۇد»، «بەدىر» ۋە باشقىمۇ جايلاردا يۈز بەرگەن؟ چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئۇرۇشنى ھېچبىر ۋاقىت بىرىنچى بولۇپ ئۆزلىرى باشلاتقان ئەمەس. مەككىلىكلەر ۋە مەككە ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكىلەر مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىشىپ مەدىنىگە بىرلەشمە ھۇجۇم باشلاتقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يوللۇق ھالدا جىهاد قىلىپ دۈشمەنگە رەددىيە بەرگەن. يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇن مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنى ھىجرىيىنىڭ 8- يىلى مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە بىر ئاۋامنىڭمۇ قېنى ئېقىتىلماستىن تىنچلىق بىلەن مەككە فەتھى قىلىندى؟ چۈنكى ئىسلام دىنى تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئۇرۇش قىلىپ قان تۆكۈشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ 6- يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا مۇسۇلمانلار مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگىنىدە، مەككە كۈچلىرى ھۇدەيبىيىدە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە ۋە قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان ناھەق شەرتلەرنى تاڭغاندىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا مەككىلىكلەرگە كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ پەقەت قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ناھەق شەرتلىرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مەككىگە كىرمەستىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەلىكلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇرۇشنى، قان تۆكۈشنى خالىمايدىغانلىقى ۋە تىنچلىقپەرۋەر ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر پاكىتىدۇر.

مىسىرنىڭ سابىق مۇپتىسى، ئەزھەر ئىلىم يۇرتىنىڭ ئالىي ماقامىدىكى شەيخۇلئەزھەر دوكتۇر مۇھەممەد سەئىد تانتاۋىي جىهاد بىلەن تېررورىزم ئوتتۇرىسىدا يەر بىلەن ئاسمان پەرقى بار، دەپ سۆزىنى باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى مۇنداق تونۇشتۇردى:« ئىسلام دىنىدىكى جىهاد — ئىككى چوڭ پرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ: بىرىنچىسى، جانىنى، مال — مۈلۈكىنى، ۋەتىنىنى، ئىنسانىي ھۆرمىتىنى قوغداش. ئىككىنچىسى، ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت.

ئەمما تېررورىزم- بىگۇناھ كىشىلەرگە چېقىلىش، خۇسۇسەن ئاياللارغا، بالىلارغا ۋە ياشانغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتۇر.»

جىھاد سۆزى كۆپلىگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش يولىدا ئىشلەش، ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنگە قارشى قوراللىق تاقابىل تۇرش ۋە باشقىلار. ئىسلام دىنىدىكى جىھاد تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىدىن تامامەن يىراقتۇر. جانىنى، ۋەتەنىنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىش، ئىستىلاچىلارغا قارشى تۇرۇش ھېچقانداق قانۇندا تېررورلۇق ھېسابلانمايدۇ!

ياۋروپا مۇسۇلمانلار تەتقىقات ۋە پەتىۋا كېڭىشى جىھاد توغرۇلۇق ئېلىپ بارغان ئىنچىكە تەتقىقاتىدا جىھادنىڭ تېررورىزم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى تەكىتلەپ تۆۋەندىكى باياناتنى ئېلان قىلدى:

«قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ(ئەڭ ئىشەنچلىك) ھەدىسلارنىڭ ئىجمالىي تېكىستلىرىدىن ئېنىقلاندىكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس قوۋملار بىلەن بولغان ئالاقىسى شەپقەت، مۇھەببەت، ياخشىلىق قىلىش، تونۇشۇش، بىرگە تىنچ ئۆتۈش ۋە ھەممىگە ياخشىلىق ھەم ھىدايەت تىلەشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ پرىنسىپىغا تايىنىدۇ:«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» .

جىھاد ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ياخشى ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش بىلەن بولغىنىدەك، قەلەم ، تىل ۋە پەن — تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش بىلەنمۇ بولىدۇ. ھەتتا جىھاد قۇرئان بىلەنمۇ بولىدۇ. قۇرئان بىلەن بولغان جىھاد قۇرئاننىڭ ھەقىقەتلىرىنى باشقىلارغا تەشۋىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:« قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۆرەش قىلغىن».

قورال بىلەن جىھاد قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ تەبىرى بويىچە «قىتال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزىنى قوغداش ۋە تاجاۋۇزچىلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. « سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ». « ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر».

ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى يەنە « ئەسكىرىي ئىستىلا قىلىش»، « ئىرقىي تازىلاش»، « دىنىنى چەكلەش ئۈچۈن بېسىم قىلىش»لارغا ئوخشىغان ھەر

تۈرلۈك زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق تۈرلىرىگە قارشى ھەققانىي جىھاد قىلىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. « تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ».

بۇخىل جىھاد ئىنسانلارنىڭ قانۇنلۇق ھەق — ھوقۇقلىرىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىقنى ۋە ھەقسىزلىكنى توختىتىش يولىدا قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا قوراللىق جىھاد تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگىگەندىن كېيىن ئېلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قاراردۇر.»

ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان جىھادنىڭ شەرتلىرىمۇ ئىنتايىن چىڭدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي ۋە دىنىي بۇرچى ئۆزلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچمىغانلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق، ئاياللار، بالىلار ۋە ياشانغانلارغا تەگمەسلىك، قارشى تەرەپنىڭ مال — مۈلكىنى، ئۆي — جايلىرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق، ئەسىرلەرنى خورلىماسلىق ۋە باشقىلاردۇر.

ئىسلام دىنى مال — دۇنياغا ئېرىشىش يولىدا، ئىرقىي دەۋا ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش ياكى ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ياكى دىنغا كىرىشكە زورلاش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. كىشىلەر ئىسلام دىنىغا پەقەت ئۆز ئىختىيارى بىلەنلا كىرىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىمنىڭ زورلاش ھوقۇقى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:« ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟».

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق ئايدىڭلىشىدۇكى، ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان بەزى جامائەتلەرنىڭ، تەشكىلاتلارنىڭ ۋە بەزى شەخسلەرنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى قورقۇتۇش، ئادەملەرنى گۆرەگە ئېلىۋېلىش، ئۆلتۈرۈش، بىنالارنى، ئاپتوموبىللارنى پارتلىتىش قاتارلىق ۋەھشىيلىكلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى جىھاد بىلەن مەيلى يېقىندىن ياكى يىراقتىن بولسۇن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتۇر!

تېررورىزمنى ھازىرقى زامان ئىستىلاھى بويىچە تونۇشتۇرغىنىمىزدا، ئۇ شەخسلەر ياكى تەشكىلاتلار ياكى دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى بولۇپ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى ئېقىتىش، گۆرەگە ئېلىۋېلىش، سۇيىقەست پىلانلاش، مۇھىتنى بۇلغاش، ئىگىلىكلەرنى ۋەيران قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەھدىت سېلىش قاتارلىق يولسىزلىقلاردۇر.

دۆلەت تېررورىزمى

دۆلەت تېررورىزمى — ئەخلاق ۋە قانۇن چەكلىمىلىرىدىن ھالقىغان زوراۋانلىق بولۇپ، دۆلەت سىياسىتىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە ئاجىزلارنى ھەر خىل يولسىز ھەرىكەتلەر بىلەن بوزەك قىلىش، سۇيىقەست پىلانلاپ ئۆلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى گىتلېر فاشىزمى، ستالىن ھاكىمىيىتى ۋە قىزىل خىتاي دىكتاتۇرلۇقى مىسال

بولالايدۇ. خىتاي دۆلەت تېررورىزمى مۇندىن 57 يىل ئىلگىرى ساختا ئايروپىلان قازاسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆجۈقتۇرۇش بىلەن دۆلەت تېررورىزمى ساھەسىدە دۇنيا رېكوردىنى ياراتقان ئىدى. خىتاينىڭ دۆلەت تېررورىزمى ھازىرمۇ بۇرۇنقىسىدىن ۋەھشىي ھالدا داۋام قىلماقتا. ئەمما دۇنيا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز قالماقتا.

تېررورلۇقنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋەھشىيلىكى بولسا باشقىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشتۇر. مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش تېررورلۇققا كىرمەيدۇ. بەلكى ئۇ يوللۇق جىھادتۇر. خەلقئارالىق نىزامنامىلار ۋە قانۇنلارمۇ بۇنى ئېتراپ قىلىدۇ.

دۇنيادىكى بەزى تەشكىلاتلار ۋە جامائەتلەر مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۈچ قوللىنىشنى سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى قىلىپ كەلدى. پەلەستىندىكى «ھاماس» بىلەن «فاتاخ»، لىۋان جەنۇبىدىكى «ھىزبۇللاھ»، ھىندىستاندىكى«كەشمىر مۇجاھىدلىرى»، «چېچەنىستان مۇجاھىدلىرى» قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرى 80 — يىللاردا «ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى» بۇنىڭ مىسالىدۇر.

### تېررورىزمنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

غەرب مەدەنىيەت تارىخىنى ئاختۇرۇپ كۆرىدىغان بولساقمۇ بىز «تېررورىزم» دەپ ئاتىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مىساللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مىلادىيىنىڭ 14- يىلىدىن 37 يىلىغىچە رىمغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان« Tiberiu »بىلەن 37- يىلدىن 41- يىلغىچە ھۆكۈمران بولغان Caligula «لار ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىپ، قارشى چىققۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپ مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. كېيىنچە ئىسپانىيىدە تەپتىش مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇميۈزلۈك زوراۋانلىق ھەرىكىتى غەرب مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس تېررورلۇق ۋەقەسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدا 1974- يىلى مىسىردا باشلاندى. كېيىنچە باشقا ئىسلامىي جامائەتلەر ۋە تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ ئىشلىتىشكە باشلىدى. بەزىلەر مىسىردىكى « ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» — مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى شېھىد ھەسەن ئەل بەننانى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللانغان، دەپ جۆيلۈيدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. مىسىردىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جەمئىيىتى ياكى شېھىد ھەسەن ئەل بەننا زوراۋانلىق ھەرىكىتى قوللانغان ئەمەس. ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلغانمۇ ئەمەس. پەقەت تىنچلىق بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دەۋىتى بىلەن شۇغۇللانغان شەخس ئىدى. ئەكسىچە، ھەسەن ئەل بەننانىڭ سۇيىقەست بىلەن شېھىد قىلىنغانلىقىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى قىرال فاروقنىڭ

مۇستەبىت ھاكىمىيىتى بىۋاسىتە ئىجرا قىلغان دۆلەت تېررورىزمىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شېھىد ھەسەن ئەل بەننا قولىغا قورال ئالغانمۇ ئەمەس، شېھىد بولغان ۋاقتىدىمۇ قولىدا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغان ھېچقانداق نەرسىسى يوق ئىدى.

ئەمما بەزى ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى چىرىكلىك بىلەن پاساتچىلىقلارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا بەزى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى راست. مىسىردىكى «جىھاد» ۋە «ئىسلام تەشكىلاتلىرى»، سۈرىيىدىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» شۆبىسى، ئىئوردانىيىدىكى «ھىزبۇتتەھرىر» تەشكىلاتى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئالجىرىيىدە «قۇتقۇزۇش» پارتىيىسى سايلامدا ئۇتۇپ چىققان بولسىمۇ ئۆز ھەققىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە باش ئۇرغان بولدى.

ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالغانمۇ؟

ئىسلام دىنى قىلىچنىڭ كۈچى بىلەن تارقالغان ئەمەس. مۇسۇلمانلار قىلىچ بىلەن نەيزىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان، مال — مۈلۈكلىرىنى تالان — تاراج قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان بېسىمدارلارغا قارشى ئۆزلىرىنىڭ ھەق — ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا ئىشلەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ روشەن نۇرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پارلىشى بىلەن خوشنا دۆلەتلەر ۋە يىراق قىتئەلەردىن ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى مەدىنىدىن ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز قوۋملىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا دەۋەتچى بولۇپ ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بېسىمدارلار ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق قىيىن — قىستاقلارغا ئالدۇ، بۇ يېڭى دىنىنى تەرك ئېتىشكە زورلايدۇ. مەككە شەھىرىدە بىلال، ئەممار قاتارلىق ساھابىلارنىڭ بۇ يېڭى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك قوۋمى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن قىستاقلارغا ئېلىنىشى، «تۇنجى ئىسلام شېھىدلىرى»دەپ تارىختا قەيت قىلىنغان ياسىر ۋە سۇمەييەلەرنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان دىنىدىن قايتماسلىق يولىدا شەپقەتسىزلەر تەرىپىدىن تارىختا كۆرۈلمىگەن ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا شېھىد قىلىنىشى ۋە باشقا زۇلۇملار ۋە ھەقسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى زالىملارنىڭ بۇ زۇلۇملىرىنى توختىتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى.

ئاتاغلىق تارىخچى گوستاۋ لېبون مۇنداق دېگەن ئىكەن:« تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنلار كۈچ بىلەن تارقالغان ئەمەس. خرىستىئانلار ئىسپانىيىدىكى ئەرەبلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىۋىدى، ئۇلار ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچمەسلىك بەدىلىگە ئۆلتۈرۈلۈش، پالىنىش، سولىنىش ۋە قىيىن — قىستاقلارغا ئېلىنىشلارغا رازى بولدى. ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىدى. بەلكى پەقەت بىرلا دەۋەت يولى بىلەن تارقالدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارمۇ كېيىنچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇسۇلمان بولۇشتى».

ياردەملىشىش ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە ئىناق ئۆتۈشى بەلگىلەنگەن. مەيلى ئۇلار ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى ئىسلام دۆلىتىنىڭ سىرتىدا بولسۇن ئۇلارغا قىلىدىغان مۇئامىلە ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ پرىنسىپنى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلغان: «- (كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»

ئەمما مەيلى مۇسۇلمان ئەمەس قوۋملەردىن بولسۇن، مەيلى دىنىدىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەردىن بولسۇن، كىمكى مۇسۇلمانلارغا ياكى ئىسلام دىنىغا قارشى قورال كۆتىرىدىكەن، ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش بەلگىلىنىدۇ. « ئۇرۇش ) ھارام قىلىنغان ئاي ( ئۇرۇش) قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمىنىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەڭ باراۋەر ( يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق). كىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار؛ ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.» ئەمما مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچمىغانلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ چېقىلىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ. فىقھىي ئىستىلاھىدا «ھارام» دۇر. « سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ».

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار قانۇنى سايىسىدا مۇسۇلمانلار تارىختىن بۇيان باشقا دىندىكى كىشىلەر بىلەن تىنچلىق، دوستلۇق ۋە مەرھەمەت ئىچىدە ياشاپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتاب(يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار)بىلەن بىر- بىرىنىڭ تاماقلىرىنى يېيىش، بىرى- بىرىگە ياردەم قىلىش، ئۆز ئارا سودا كېلىشىملىرىنى تۈزۈش، بىر- بىرىگە ۋە بىر- بىرىنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، شۇنداقلا بىر — بىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئىشلىرىدا ئورتاق بولۇپ كەلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا شۇنداق قىلىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن.« بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا — يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر.»

ئەھلى سەلىب ئۇرۇشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىللىكىگە گۇۋاھتۇر. ئىسلام دىنى غەرب دۇنياسىغا تارقىلىشقا باشلاپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتا نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، غەرب دۇنياسىنىڭ زوراۋان ھاكىممۇتلەقلىرى بولىۋالغان خرىستىئان دىن ئادەملىرى ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك كۈچ دەپ قارىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مەۋقەسىنى ئېلان قىلىشتى. ئارقىدىنلا ئۇلار غەربنىڭ ئەفرەنجى پادىشاھلىرىنى كۈشكۈرتۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش باشلاتتى. ئۇلار ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خۇددى يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغاندەك دۈشمەن بولۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىش ئىدى.

ئەھلى سەلىب ئارمىيىسى ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى تۇتقانلا يەردە ئۆلتۈرۈپ، تىرىك قالغانلىرىنى ئۇرۇپ — سوقۇپ قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاندىن پەلەستىندىكى ئىروسالىمنى بىر يېرىم ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندىن 70 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. يەھۇدىيلارنى توپلاپ چىركاۋ بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. مەشھۇر تارىخچى گۇستاۋ لېبون ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنىڭ ۋەھشىيلىكلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:« ئەھلى سەلىب ئارمىيىسى بۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلمىدى. بەلكى ئۇلار ئېروسالىمدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە خرىستىئانلاردىن ئاسىيلىق قىلغانلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاش توغرىسىدا قارار ئېلىپ سەككىز كۈن تۇرماستىن قىرغىنچىلىق قىلىپ 60 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۆلتۈرۈشتە ئايال، كىچىك بالا، ياشانغانلار،دەپ ئايرىپ ئولتۇرمىدى.»

ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنىڭ بۇ قىلغانلىرى قارشىسىدا مۇسۇلمانلار ئادالەت، شەپقەت ۋە ئىنساپنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىش كۆردى. ئەھلى سەلىب مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېڭىلگىنىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندىنى سالاھىددىن ئەييۇبىي خرىستىئانلارغا تارىختا ھېچ ئۇنتۇلمايدىغان كاتتا خىزمەتلەرنى ۋە ياخشىلىقلارنى قىلدى. ئىروسالىمدا ئەسىرگە چۈشكەن ئەھلى سەلىب پادىشاھلىرىنى، قوماندانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كەچۈرىۋەتتى. غەربكە كېتىشنى خالىغانلارنى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويدى. كېسەل ۋە يارىدارلىرىنى داۋالاتتى. ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. گۇستاۋ لېبون ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان:« مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندىنى سالاھىددىن خرىستىئانلارغا ئۇلارنىڭ مۇندىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغانلىرىنىڭ ئوخشىشىنى قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ مال — مۈلكىنى تارتىۋېلىشنى مەنئى قىلىپ، ئۇلاردىن ئاز مىقداردا جىزىيە(يىللىق تۆلەم) ئېلىش بەدىلىگە ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇپ ياشاش پۇرسىتىنى بەردى.»

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىش ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ غايىسى بىر، ئەقىدىسى بىر، تۇتقان يولى بىر، ۋەزىپىسىمۇ بىردۇر. ساماۋىي

دىنلارنىڭ شەرىئەت تەكلىپلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانى بىر بىلىپ ئۇنىڭغىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت دەۋىتى بىر خىلدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ‹مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيي قىلدۇق.» جورج بىرناردشۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئىسانى ئېتىراپ قىلاتتى، ئۇنى خۇددىي بىز خرىستىئانلار ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيتتى. ئەگەر مۇھەممەد چىركاۋ بايرىقى ئاستىدىكى كۆپلىگەن خرىستىئانلار قارىلىغاندەك يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان بىرى بولسا ئىدى، ئۇ ئىسانى ئېتىراپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان بولاتتى. مۇھەممەدنىڭ ئىسانى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك رىسالىسىنىڭ ھەقلىقى ۋە ئەخلاقىي كامالىيتىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا مۇھەممەدكە ھاقارەت قىلىش ۋاستىلىك ھالدا ئۇ چاقىرغان ئېسىل ئەخلاقلارنى ھاقارەتلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد چاقىرغان ئېسىل ئەخلاقلار ئىسا دەۋەت قىلغانلارنىڭ ئۆزىدۇر».

خۇلاسە كالام:

- تىچلىق پەيغەمبەر دەۋىتىنىڭ ئاساسىدۇر. پەقەت پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغۇچىلار ئۇلارغا قارشى قورال كۆتۈرگەنلىكى سەۋەب بىلەن ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. ھاياتىدا ئۇرۇش قىلمىغان ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە قولىغا قورال ئېلىپ ئىنسانىيەت دۈشمىنى دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ.2- پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغۇچىلار ئۇرۇشنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغان ھەقىقىي تېررورىستلاردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققانىي جىھادلار ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە (بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسىلەر؟».

3- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرمۇ قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلغان. مۇسا، داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملارمۇ شۇنداق قىلغانلاردىندۇر. قولىغا قىلىچ ئېلىش ياخشىلار ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان ئىش بولسا ئىدى، بۇ پەيغەمبەرلەر قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلمىغان بولاتتى. بەلكى بۇزغۇنچىلارنىڭ، تېررورىستلارنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىشىغا، كىشىلەرنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكىنى بوغۇۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ شەنىگە ياراشمايتتى. چۈنكى ھەقىقەت ئۇچۇن ھەر زامان ئۇنى قوغدايدىغان ۋە تۈرلۈك دۈشمەنلىكلەردىن مۇداپىئە قىلىدىغان كۈچنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4- پەيغەمبەرلەر ئېلىپ بارغان جىھادلار ئەڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تېررورىستلارنىڭ، بۇزغۇنچىلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ

غەيرىي ئەخلاقىي قىلمىشلىرىدىن تامامەن پەرقلىقتۇر. ئالدىنقىسى، قورال كۆتۈرمىگەنلەرگە، ئاغرىقلارغا، ئاياللارغا، بالىلارغا، ياشانغانلارغا، ئىبادەتخانا راھىبلىرىغا قەتئىي چېقىلماسلىق، مۈھتىنى بۇلىماسلىق، ئۆي — ماكانلارغا بۇزماسلىق، زىرائەتلەرگە، دەل — دەرەخلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى خورلىماسلىقتىن ئىبارەت پولاتتەك قاتتىق پرىنسىپلار ۋە كەسكىن شەرتلەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كېيىنكىسى، ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈش، ئۆي — ئىمارەتلەرنى يىقىتىش، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.» مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن ھەق (يەنى پەيغەمبەرلىك) بىلەن كەلگەندە، ئۇلار: «مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى (نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈڭلار، ئاياللىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) قالدۇرۇڭلار» دېدى. «

5- ئىسلام دىنىدىكى جىھاد مۇھاجىرلار(مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغانلار)نى ھىمايە قىلىش ۋە ئەنسار(مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار)نى قوغداش مەقسىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، قانداق دىن ۋە قانداق ئىرققا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېزىلگەنلەرنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك قۇللۇقلاردىن ئازاد قىلىش مەقسىتى بىلەن داۋام قىلغان.

6- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغان بىر زات ئىدى. ئۇنىڭ مەككە فەتھى بولغان كۈنى بۇرۇن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر بىلەن ئازارلىغان ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان مەككىلىكلەرنى«كېتىڭلار، سىلەر ئازادسىلەر»دەپ كەچۈرۈۋەتكەنلىكى بۇ ماۋزۇدا يېتەرلىكتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىنسانىي ئەخلاقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق غەربلىك تارىخچىلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ بەرگەن باھالىرىمۇ بىزنى بۇ ماۋزۇدا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.

7- باشقىلار بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ياشاش ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرىدۇر. تارىختىن بۇيان ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمان ئەمەس قوۋملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

8- جىھاد پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز تەۋەلىرىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرىدۇر. ئەمما تېررورىستلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاش ۋە ئۇلارنى بىر — بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان يولسىز ھەرىكەتلىرىدۇر.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1- مۇھەممەد رەفئەت زەنجىرنىڭ »ئىسلام پەيغەمبىرىدىن تېررورلۇق شۈبھىسىنى رەت قىلىش« ناملىق ئەسىرى.

2- يەھيا ئابدۇلكەرىمنىڭ »تېرروريزمنىڭ ماھىيىتى«ناملىق ئەسىرى.

3- ھەسەن ھەنەفىينىڭ» ھەققانىي جىھاد«ناملىق رىسالىسى.

4- ئىمام سۇيۇتىينىڭ» خەلىپىلەر تارىخى« ناملىق ئەسىرى.

5- ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ» باشلىنىش ۋە تۈگەنجە«ناملىق ئەسىرى.

6- تەپسىرى ئىبنى كەسىر.

7-گۇستاۋ لىبوننىڭ»ئەرەب مەدەنىيىتى«ناملىق ئەسىرى (ئەرەبچە تەرجىمىسى).

# مللي قەدرىيتىمىزنى قەدرلەيلى

غولامهاجى



بىر مىللەتنىڭ «مىللەت» سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ئۈچۈن بەلگىلىك «مىللىي سۈپەت»لىرى بولىشى كىرەك. بۇ «مىللىي سۈپەت»لەر شۇ مىللەتنىڭ مىللىيلىكىنى بەلگىلىگەن نەرسىلەر بولۇش سۈپىتىدە قەدىرلىكتۇر. مانا شۇ مىللىي قەدىرىيەتلىرىنى قانچىلىك قەدىرلەش— شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ «مىللەتچىلىك ئېڭى ياكى مىللىي ئېڭى»غا باغلىق. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي قەدىرىيەتلەرنى قەدىرلەش، قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش تۇيغۇسى — مىللىي ئاڭ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر مىللىي ئاڭ چىن ۋە سەمىمىي بولسا، ئۇ ھىسسىيلىقتىنلا ئەمەس، ئەقلىيلىقتىن مەنبەلەنگەن بولسا، ھەتتا بەلكى ئاڭدىن ھالقىغان تۇيغۇلاردىن (يوشۇرۇن ئاڭدىن) مەنبەلەنگەن بولسا، مىللىي قەدىرىيەتلەرنى قەدىرلەش، قوغداش، ئەۋلادلارغا ئۆگىتىپ، داۋام قىلىشى ئۈچۈن زېمىن يارىتىش ئادىتى ناھايىتى تەبىئىي ئەكس ئېتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل «مىللەتچىلىك ياكى مىللىي ئاڭ» سۈنئىي، ۋەزىيە شەكلىلىك، ئالدامچىلىق خاراكتېرىدە بولسا، ئۇ زامان — زامان، ئاڭنىڭ بۇيرىقىدىن چىقىپ، ئاڭسىزلىقنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن، ئەسلى قىياپەتنى ئاشكارىلاشقا ھازىر تۇرىدۇ.

مىللىتىمىز خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى! بۇ كەسكىن تۈردە شۇنداق! بۇ ئاشۇرۇۋېتىش شەكلىدىكى ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنىڭ پەردازسىز كۆرسىتىلىشى! مانا شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئىكەنمىز، مىللىيلىكىمىزنى قوغداپ

قىلىش، يەنى مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەر قىلىشىمىز؟ بولۇپمۇ نېمە قىلساق قىلغىلى بولىدىغان ئەركىن دۇنيادىكىلەر نېمىلەر قىلىۋاتىمىز؟ مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزنىڭ ئىپادىلىرى بولغان «مىللىي قەدرىيەتلەر»ىمىزنى قانچىلىك قەدرلەۋاتىمىز؟ بۇلار ھەققىدە بىر ئاز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

مىللىيلىكىمىزنى بەلگىلىگەن ماددىي ۋە مەنىۋىي سۈپەتلىرىمىز نېمىلەر؟ مىللىيلىكنى بەلگىلەيدىغان فىزئولوگىك تاشقى قىياپىتىمىز ھەققىدە توختالمىساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنماسلىقى مۇمكىن، ئۇنىدىن باشقا مىللىي بەلگىلەر بۇگۈن ئېتىبارى بىلەن: ئانا تىل، دىنىي ئېتىقاد، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ موھىمى تىل ۋە دىنىي ئېتىقادىمىزدۇر.

ئەمدى بۇ ئىككى تۈرلۈك ئەڭ موھىم مىللىي بەلگىمىزنىڭ چەتئەللەردە (ئەركىن دۇنيادا) قانداق قەدرلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئەتراپىمىزغا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى. چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مەملىكەت ئىچىدە — خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قارىغاندا تېخىمۇ تېزرەك ئۇيغۇرلۇق سۈپەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىشمۇ ئەمەس، ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرغان پاكىت. ئائىلىمىزدە ئانا تىلدا سۆزلەشكە سەل قارايدىغان بولغىنىمىز (ئۆزىمىزنى يېتىشكەن مىللەت بىلەن پەرقى ئاز قالغان ياكى تۇگىگەن، مەدەنىي قىلىپ كۆرسىتىشكە ئالدىراش تۇيغۇسى بىلەن) بالىلىرىمىز ئانا تىلىنى بىلمەي چوڭ بولىدۇ. بۇ دېمەك، ئىككىنچى ئەۋلادقا بارغاندىلا ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغانلار تۈگەيدۇ دېگەن گەپ!

ئۇيغۇرچە سۆزلىمەيمۇ «ئۇيغۇر بولغىلى» بولامدۇ؟ كەسكىن تۈردە ياق! بىز باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، تۈركىيە جەمىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆزىتىدىغان بولساق، ۋەتەنىدىن چىققانلارنىڭ ئۆزلىرى بىر — بىرىنى بىلىشىدۇ، بىر بىرىگە ئارىلىشىدۇ؛ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى كوممۇنىست ئىستىلاسى ھارپىسىدا چىققانلارغىچە تۈركىيە جەمىيىتىدە سىڭىشىپ يوقالغان بولۇپ، بۈگۈنكى يېڭى چىققان ئۇيغۇرلار ئۇلارنى بىلمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئاللىقاچان خاتىرىسىدىن مۇستەملىكە ۋەتەن چىقىپ كەتكەن!

ئەرەبىستاندا ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلار خېلى بار ۋە بىلىدىغانلارمۇ مۇمكىن بولغىنىچە ئۆزىنى ئەرەپ قىلىپ كۆرسىتىش تىرىشچانلىقىدا ۋە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلىدىغان كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى، يەنى، بۇنى ئەرەپلەر ئالدىدا مۇمكىن قەدەر يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى، پەقەت، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىر — بىرى يېنىدا بىر — بىرىدىن ھېيىقىپ، (خۇددى خىتاي تەمسىلىدە تۇگىگانلارنى «بىر تۇگىگان يالغان تۇگىگان، ئىككى تۇگىگان چالا تۇگىگان، ئۈچ تۇگىگان راست تۇگىگان» دېيىلگەن نۇسقىدا) زورىغا ئۇيغۇر بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئەلەم

ئىچىدە ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمىز. ئەمما يەنە شۇ ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى زامانىدا قاچقانلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان، شۇ يەردە تۇغۇلغان ئۆزبىكلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆزبىكچە سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. مانا بۇ خىل ئاسان ئاينىش پىسخىكىمىز مىللىي يوقۇلۇشىمىزنى تېزلىتىش رولى ئويناپدۇ، ئەلۋەتتە.




مەدەنىيەت دۇنياسىدا تىلنىڭ ئايرىلماس بىر ياندىقى، تېخىمۇ ئىلمىي ئىپادە شەكلى يېزىقتۇر. ناھايىتى ئەپسۇسكى، چەتئەللەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يوقۇلىشى تېخىمۇ تېز بولىۋاتىدۇ. چۈنكى، بىر توپ «مىللەتكە كۆيۈنگۈچى بىلەرمەنلەر» يېزىقىمىزنى ئۆزگەرتىشنى—غەرپ قۇلچىلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىنى- تەشەببۇس قىلىشقاندى. بۇ ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئىچىدە چەتئەللىكلەر «ئېلىپبەسىڭلار قانداق؟» دەپ سورىسا، «نومۇس قىلىپ»، راستىنى دېيەلمەي، لاتىن ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئېلىپبەمىز بار، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مىللىي قەدىرىيتىمىزنىڭ بىرى تىل بولسا، تىلنىڭ ئايرىلماس بىر ياندىقى يېزىقتۇر. دېمەك مىللىي يېزىقىمىزمۇ مىللىي قەدىرىيەتلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. مىللەت — ئانىمىزدۇر. ئانىمىز سەت، كېلىشمىگەن، خۇي — پەيلىمۇ بەك ياخشى دېگۇدەك ئەمەس بولغان بولسا، قانداق قىلغان بولاردۇق؟ ئۇنى «ئانا» دېيىشتىن نومۇس قىلىپ، ئانا ئىكەنلىكىدىن تاناتتۇقمۇ؟ كوچىدىكى سەتەڭلەردىن بىرىنى «ئانا» دەۋالاتتۇقمۇ؟

يېزىقنىڭ بىر گۇناھى يوق. ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىر خىل بەلگە. يەنى كېلىشىۋېلىنغان بىر پارول. ئىلگىرى باسمىچىمىز يېزىقتىنمۇ؟ خىتايلارغا ئۇلارنىڭ شەكىل يېزىقى پۇتلاشمىدى، ئۇلار ئۇنى تاشلىۋېتىش، ئىسلاھ قىلىشنى ئويلاشمىدى؛ ھەتتا كوممۇنىست خىتايلار تەرىپىدىن ئاددىيلاشتۇرۇلغان خىتاي بەلگىلىرى تەيۋەن. خوڭكوڭ خىتايلىرى ۋە چەتئەللەردىكى خىتايلار تەرىپىدىن تەنقىد قىلىندى. يەنى، يېزىقنى ئۆزگەرتىش، ئېلىپبەلىك يېزىق قوللۇنۇشنى ئويلاپ بېقىش ئەمەس، ئەسلىدىكى چېگىش توقۇناقتەك ھالىتىنى بىر ئاز ئاددىيلاشتۇرۇشقىمۇ قارشى تۇرىۋاتقان يەردە، بىزنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىمىزنىڭ گۇناھى نېمىدى؟ ياپونلارنىڭ يېزىقى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ بىرى بولىشىغا پۇتلاشتىمۇ؟ ھىندىلار، تايلاندلىقلارنىڭ يېزىقلىرىمۇ لاتىنچە ئەمەسقۇ؟ ھەتتا بىلەرمەنلىرىمىزنىڭ ھەممىدىن بەك چوقۇنىدىغىنى بولمىش يەھۇدىيلار ئاللىقاچان تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچكەن ئىبرانى يېزىقى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ، قوللۇنىۋاتىدىغۇ؟

ھەتتا بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز، ئۇيغۇر يېزىقىنى كومپيۇتېردا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىكەن! ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىچە، توردا ئۇيغۇرچە ئىشلەتكىلى بولمايدىكەن, ئىنتەرنەتتىكى ئۇيغۇرچە كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە كونۇپكىدىن ئۇرۇلغان يېزىق بولماستىن رەسىم ھۆججىتى ئىكەن! مانا شۇنداق بولغاچقا، ۋەتەننى ئازاد قىلىش يولىدا پارلاق خىزمەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتىپ تۇرىدىغان تەشكىلاتلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىنتېرنەت سەھىپىلىرىدە مىللىي بەلگىمىزنىڭ بىرى بولغان مىللىي يېزىقىمىزنى قوللانمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ نەقەدەر چوڭ سىياسىي خاتالىق ئىكەنلىكىنى، قىلىۋاتقان دەۋاسىغا، تۇتقان يولىنىڭ رەپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بۇنىڭ ئەنە شۇنداق چەلەڭگۈشلۈك بولىشىنى ئويلاپ كۆرگىدەكمۇ ئەھۋالى يوقلىقىنى ئەلەم ئىچىدە كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز! مىللىيلىكنى، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى دەۋا قىلىۋاتقان كىشى ۋە ئورگان ئالدى بىلەن ئۆزلىرى مىللىي خۇسۇسىيەتلەرنى تولۇق نامايەن قىلىشى ئەقەللىي ئۇقۇم ئەمەسمۇ؟

مەن نۇرغۇن كىشىلەرگە كومپيۇتېردا ئۇيغۇرچە يېزىش توغرىسىدا قىزغىنلىق بىلەن تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، يىراقتىكىلەرگە پروگراممىسىنى كۆپىيىنى ئەۋەتىپ، يېقىنلىرىغا ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش پروگراملىرىنى يۈكلەپ بېرىپ، قانداق يېزىش ھەققىدە زېرىكمەي چۈشەندۈرۈپ ئاۋارە بولغىنىم ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۇيغۇرچە ئىشلىتىشكە قىزىقماي، لاتىنچە يېزىپ يۈرگىنىنى؛ مېنىڭ تەكرار تەشەببۇسۇمغا جاۋابەن «كۆنۈپ قاپتۇق» دېيىشكىنىنى بىر مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشۈم مۇمكىن. ھەتتا مەن شۇنداق جاكالىرىدىمۇ بولغان ئىدىم: ئەگەر بىرسى ئۇيغۇرچە ئىشلىتىمەن دېسە، پۇلى مەندىن قىلىپ، ئۇيغۇرچە پروگرام ئەپچىقتۇرۇپ بېرىمەن! دەسلەپكى زامانلاردا مەن ئۇيغۇرچە يېزىش ئېھتىياجىم ئۈچۈن كىرەكلىك پروگراممىنى ئەپچىقتۇرالماي، يىللارچە ھەپىلەشكەنلىكىم ئۈچۈن باشقا ئۇيغۇرچە يېزىشنى ئىستىگۈچىلەرنىڭمۇ ئاشۇنداق جاپا تارتىپ قالماسلىقىنى، تەسلىكىدىن زېرىكىپ، نەقراق دەپلا لاتىنچىگە «كۆنۈپ قالماسلىقى» ئۈچۈن شۇنداق بايانات ئېلان قىلغان ئىدىم. خەيرىيەت، ھازىر ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش پروگراممىسى توردا بىكارغا تارقىتىلىۋاتىدۇ. ئەمما شۇندىمۇ، «كۆنۈپ قالغانلار»نىڭ بۇنى ئويلىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ! ئاتالمىش مىللەتچىلەر! مىللىي داۋانىڭ ھارماس جەڭچىلىرى!



ئەگەر مۇشۇنداق بىر «كۆنۈپ قالغانچىلىق»نى ئۆزگەرتىشكە خۇش ياقماي بىر مىللىي بەلگىنى تاشلاۋېرىدىغان بولساق، بەك تېزلا خىتايلارنى مۇرادىغا

يەتكۈزىمىز. ئۇ ھالدا يەنە خىتايلارنى تىلىمىزنى چەكلەۋاتىدۇيەي، مىللىي مەكتەپلەردە خىتايچە ئوقۇشنى مەجبۇرىي يولغا قويدىيەي،... دېگەن قاخشاشلىرىمىزنى چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ كۆرمىدۇقمۇ؟! سەن ئۆزۈڭمۇ خالاپ تاشلىۋېتىۋاتقان مىللىي سۈپەتلىرىڭنى، خىتاي زورلاپ تاشلاتقۇزىۋەتسە نېمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ نەتىجە ئېتىبارى بىلەن بىر پەرقى بارمۇ؟ تازا سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭنىڭ ئۆزى بولمامدۇ؟!

ئەمدى دىنىي ئېتىقاد ھەققىدە بىر ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي. دىنىي ئېتىقاد بەك مۇقەددەس، شۇنداق دەۋرلەر بولدۇكى، ئۇ مىللىي ھېسلاردىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن، بىرلىكنىڭ ئورگانىك بىرىكتۈرگۈچىسى بولۇپ قالدۇ. ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئەسلەپ ئۆتىدىغان بولساق، خەلقنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتى ئۈچۈن ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرىلىشى مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاشقا تايانغان ئەمەس، ئەكسىچە دىنىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاشقا تايانغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىل سېھرىي كۈچ يەنىلا مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. 1997- 1998- يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان مىللىي ھەرىكەتلەر (گەرچە بېشىغا فائىلى مەجھۇل شەخسلەر چىقىۋالغان بولسىمۇ)، بىر مىللىي ئويغۇنۇش ھەركىتى بولسىمۇ، مىللىي تۇيغۇلارغا ئەمەس، دىنىي ئېتىقادنىڭ سېھرىي كۈچىگە تايىنىپ، بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈدىغان بولساقلا، دىنىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىلاھىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بىز مەيلى قاچان مىللىي ئويغۇنۇش ھەركىتى، مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتى ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەنمىز، خەلقنى ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلماقچى بولىدىكەنمىز دىنىي ئېتىقادقا ئېھتىياجىمىز بار. ئەگەر ئۆزىمىز تاھارەتنى قانداق ئالىدىغاننى بىلمەي تۇرۇپ، خەلقنى دىن بىلەن قوزغىماقچى بولساق خەلق بىزگە ئەگەشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رۇس كوممۇنىستلىرى ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز ھارپىسىدىكى سەپەرۋەرلىكنى ئەخمەدجان قاسىمى باشچىلىقىدا ئەمەس، ئېلىخان تۆرە رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بارغان ئىدى!

بۈگۈنكى كۈندە خىتايلارنىڭ جان — جەھلى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىمۇ دەل دىنىي ئېتىقادىمىز. چۈنكى دىنىي ئېتىقاد — بارلىق ئىنسانلار نۇقتىسىدىن مۇقەددەس بولغىنىدەك، بىز ئۈچۈن تېخىمۇ ئارتۇق مۇقەددەسلىك ئىپادە ئېتىدۇ: ئۇ ھەم مۇستەملىكىچى دۈشمەن بىلەن ئارىمىزدىكى ئېتىقاد پەرقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئامىل بولسا، ھەم مىللىي پەرقنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا مىللىي روھىمىزنىڭ تازىلىقىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇستەھكەم قورغان بولۇش سۈپىتىدە، خالىغان ۋاقىتتا، مىللىي تۇيغۇلىرىمىز تاشقىن بولۇپ پارتلاپ چىقىدىغان زامانلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلاھىيلىق سېھرى كۈچى بىلەن خەلقنى بىرلەشتۈرۈش، شەخسىيەتتىن خالى، خالىسلىق بىلەن سىياسىي غايە يولىدا كۆرەش قىلىش نىشانى ئۈچۈن غايەت زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە. بىزنىڭ مەڭگۈ «جوڭخۇا مىللىتى»

ئەمەسلىكىمىزنىڭ بەلگىسى بولغان ئېتىقادىمىز، بىزنى «جوڭخۇا مىللىتى»گە ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن قوغداپ تۇرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك قورغان. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىتايلار ئېتىقادىمىزغا ئۆلگىدەك ئۆچمەنلىك قىلماقتا، ئۇنى مۇمكىن قەدەر يوقۇتۇۋېتىشكە، ئەڭ بولمىغاندىمۇ خۇددى «كۆندۈرۈلگەن يولۋاس» تېپىدىكى خىتايپەرەستلەر مەكتىۋىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا!

ماۋزېدوڭنىڭ بىر سۆزى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: «دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى بىز ھىمايە قىلىشىمىز لازىم، دۈشمەن ھىمايە قىلغانلىكى نەرسىگە بىز قارشى تۇرۇشىمىز لازىم». خىتايلار دىنىمىزغا ئۆلگۈدەك ئۆچمەنلىك قىلىۋاتىدۇ، بىز ئۇنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز ئەقەللىي ئۇقۇم ئەمەسمۇ؟ ئۇ بىزگە پايدىلىق بولمىسا ئىدى، خىتايلار ئۇ دەرىجىدە ئۆچمەنلىك قىلمىغان، ئەكسىچە «بىزگە كۆيۈنۈپ» كەڭرى قويۇپ بەرگەن بولاتتى!

چەتئەلدە يېتىشكەن بىلەرمەنلەرنى بۇلارنى بىلمەي غەپلەتتە قالدىمىكىن دېسىڭىز سىزگە دەرس بەرگۈچىلىكى بار؛ ئەمما ئۆزلىرى بۇ كېرەكلىك شەيئىنى ئۆزىگە تەدبىقلاشنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ. بىز «مەدەنىيلىشىپ كېتىش»ىمىز تۈپەيلى، «قالاقلىق» قالپىقى كەيدۈرۈپ قويۇلغان ئېتىقادىمىزدىن ۋاز كەچسەك ياكى تۆمۈر داۋامەتچە[1] «مۇسۇلمان» بولۇپ قالساق، يەنى، نىمە سەن دىسە مۇسۇلمان دەيدىغاندىن باشقا ھېچقانداق پەرز ئەمەللەرگە ئەمەل قىلمىساق، پىسخىك جەھەتتە ئاتا —ئانىنى ئۆرنەك ئالىدىغان باللار دىندىن تېخىمۇ يىراقلىشىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ يەنە بىر مىللىي بەلگىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئۇ چاغدا بىز كىم بولىمىز؟ ئېنگىلىزچە، نېمىسچە، ئەرەپچە،... سۆزلەيدىغان ئۇيغۇر!؟ ھېچقانداق مىللىي سۈپىتى بولمىغان، مىللىي تۇيغۇسى ئۆچكەن، ۋەتەن سۆيگۈسىدىن خەۋەرسىز كېيىنكى ئەۋلادنىڭ، مىللىي غايىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ھەتتا فاشىست كوممۇنىست بولۇش ئۈچۈنمۇ مەلۇم شەرتلەر كېرەك، بۇنى ماۋزېدوڭ «كوممۇنىستلارنىڭ بەش شەرتى» دەپ تەپسىلىي شەرھىيلىگەن. دىمەك، ئۆزىنى مەن كوممۇنىست دېيىلىش بىلەنلا كوممۇنىست بولمايدۇ، دىگەن گەپ. خۇددى شۇنداق، مۇسۇلمان بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىلا مەن مۇسۇلمان دېۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق شەرتلىرى بار، شۇلارغا ئەمەل قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلىق نامايان بولىدۇ.

مانا بۇلاردىن كېيىن، تېمىمىز تەبىئىي ھالدا «ئۇنداق بولسا نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دىگەن نۇقتىغا كېلىدۇ.

«نىمە قىلىش كېرەك؟» — بۇ سوئال نۇرغۇن مىللەتنىڭ ئاۋانگارتلىرى تەرىپىدىن مىللىي ئويغۇنۇشنىڭ ھارپىلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇ ئىسمدا نۇرغۇن ماقالىلار، كىتاپلار يېزىلغان،... بىزمۇ بۇگۈن ئۆزىمىزگە «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن سوئالنى قويۇپ

ئولتۇرۇپتىمىز.




تەبىئىيكى، مىللىي ئاڭنى ئۇرغۇتۇش ۋە مىللىي ئاڭنى ئويغۇتۇش كېرەك! دېگەن جاۋاپ بېرىلىدۇ. بۇنى دېمەككۇ ئاسان، ئەمما قانداق قىلىپ؟ يوقۇلۇشقا قارشى تىرەجەش — مىللىي ئاڭنى ئويغۇتۇش بىلەن بولسا، مىللىي ئاڭنى ئويغۇتۇش مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنى قەدىرلەشنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر كىمدە كىم بىرەر ئەمەلنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قىلىشۋاتقان تەشەببۇسىنى كۈچەيتىشى شەرت! ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، تەشۋىقاتىنىڭ تەسىر كۈچى بولمايدۇ. بۇنداق ئىش ھەركىتى بىلەن سۆزى رەپ كەلمەيدىغانلارنى ھەتتا يالغانچىلىقتا كاززاپلىق دەرىجىسگە يەتكەن كوممۇنىستلارمۇ تەنقىد قىلىپ، بۇنى بىر خىل لىبرالىزىملىق ئىپادە دەپ سۈپەتلىگەن ئىدى: «باشقىلارغا ماركىسزمنى، ئۆزىگە لىبرالىزمنى ئۆلچەم قىلىدۇ». ئۆزى تاماكا چېكىدىغان بىر دادا ئوغلىغا «تاماكا چەكسەڭ بولمايدۇ، تاماكا زىيانلىق!...» دېسە كۈلكىلىك بولۇپلا قالماي، بالىدا دادىسىغا قارىتا تۆۋەن باھا تۇغدۇرىشى مۇمكىن؛ «مەدەنىيلىكى» تۈپەيلىدىن بەدىنىڭ بارلىق ئويمان — چوڭقۇرلىرىنى بىلىندۇرۇپ كىيىنىدىغان بىر ئانا، قىزىغا: «كېچە كلۇبلىرىغا بارما، ئۇ يەردە بۇزۇق ئادەملەر كۆپ...» دېسە بۇنىڭ قانچىلىك تەسىر كۈچى بولىشى مۇمكىن؟

تەشۋىقاد ھەققىدە گەپ بولغان ئىكەن، ئەقلىمىزگە ھامان ئۇنىڭ ئوبيكتى بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. تەشۋىقادنىڭ ئاساسىي ئوبيكتى ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان خەلقىمىز. ئۇ يەردە تەشۋىقاد ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى بىلەشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر قىلچىلىك بوشلۇق بولسىغۇ ۋەتەندىكىلەرنىڭ چەتئەلدىكى يېتىشكەنلەرگە ئېھتىياجىمۇ چۈشمەيتى؛ ئۇ يەردە يۈرىكىدە ئوت يېنىپ تۇرغان ھەم بىلىم ساپاسىمۇ يوقۇرى كىشىلىرىمىز بار ئىدى. ئەمما، خاپىلىقمۇ دەل ئۇ يەردە بۇنداق كەڭ تۈردە ئاممۋىي تەشۋىقات ھەركىتى قانات يايدۇرغىلى بولماسلىقى. مانا شۇ سەۋەپتىنلا چەتئەلدىكى بىز بەچچىغىرلەرگە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئېلىش چۈشمەكتە! ئېچىنىشلىقى، چەتئەللەردىن ۋەتەنگە يۈرگۈزۈلىدىغان تەشۋىقادنىڭ يولى توساق بولىشىدۇر: تور چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىن باشقا، ۋەتىنىمىزدە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئارقىدىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇندىن باشقا توردا چەكلەنگەن رايونلارغا كىرىشنىڭ خەتىرى چوڭ بولغاچقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم چەكلىملىكى بار. مانا بۇ بىر قاتار توسالغۇلار تور ئارقىلىق تەشۋىقاد قىلىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئاساسەن يوققا چىقارماقتا!

ئاخىرقى ئىسلىدىغان «شال پاخىلى» سۈپىتىدە، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش سائىتى ھەممە ئىغىرچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بىردىن بىر مۇئەسسەسە بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئىلگىرىدىن دەپ كېلىۋاتقىنىمىدەك، رادىيو خىتايلار تەرىپىدىن كونترول قىلىۋېلىنغاچقا، خەلققە جىددىي كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئاڭلىتىشتىن ئۆلگىدەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە! مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنى — تىلىمىزنى، دىنىمىزنى قوغداش تېمىلىرىدا مۇلاھىزە، ئوبزورلار ئۇيۇشتۇرۇش ئورنىغا، خىتاي مەتبۇئاتلىرىدىنمۇ ئېرىشكىلى بولىدىغان ئوتتۇرا شەرق خەۋەرلىرى،... خىتاي خەۋەرلىرى؛ ھەتتا «ھىندىستانغا قارىمۇچ ئاپارغاندەق» ۋاڭ لىچۇەننىڭ خەلقىمىزگە نېمە قىلىۋاتقىنى (گويا خەلق بۇنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك)،... ھەتتا مېكسىكا فىلىملىرىدەك كۆپ قىسىملىق (مارافونچە) ماقالىلاردا جىياڭ زېمىننىڭ قانچە ئاشنىسى بارلىقى،... غا ئوخشاش تېمىلارغا كەڭ تۈردە ئورۇن بېرىلمەكتە!




ۋاڭ لېچۇەننىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى دېمىسىمۇ، شۇ خەلققە قىلىۋاتقاچقا خەلق بىلىدۇ، گەپ خەلق ئۇنى بىر ھەقىقەت سۈپىتىدە، ياخشىلىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى مەسىلىسىدۇر. يەنى، خالادا ئۇزاق ئولتۇرغان كىشىگە سېسىق پۇرىمىغاندەك، ھەمىشە زۇلۇم ئىچىدىلا ياشىغان، ئاجايىپ — غارايىپ بىمەنىلىكلەر ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلدۇرۇلۇپ كۆندۈرۈلگەن خەلقنىڭ، ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىلەرنى نورمال بىلىپ قوبۇل قىلىۋېلىشى مەسىلىسىدۇر. مانا بۇ نۇقتا، ئىنىقلىمىغا، ئىزاھاتقا مۇھتاج. رادىيونىڭ ۋەزىپىسى ۋاڭ لېچۇەننىڭ نۆۋەتتە خەلققە قانداق يېڭى ئالۋاڭ سالغىنى، يېڭى سىياسەت چىقارغىنىنى ئاڭلىتىشلا بولماسلىقى كېرەك. تېخىمۇ كۆپرەك، بۇ سىياسىي ئويۇنلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بالايى — قازا ۋە قارا نىيەت، شۇملۇقلار ھەققىدە ئوبزور، مۇلاھىزە ئۇيۇشتۇرۇش؛ بۇنى ئالۋاڭ تەرىقىسىدە بىرەر قېتىم، بىرەر پارچە يىلىمان «ئوبزور» بىلەن بولدى قىلىش ئەمەس، ھەر ساھە پىكىر ئىگىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش، خۇددى كوممۇنىستلارنىڭ «تېگىگە يەتمەي قويماسلىق، يىلتىزىنى قېزىش» مېتودى بويىچە يىلتىزىغىچە قېزىش، خەلققە بالا — قازانىڭ دەرىجىسىنى تونۇتۇش كېرەك ئىدى. يەنى ئۇلارغا ۋاقىت خاراكتېرلىق خەۋەرنىلا ئەمەس، بەلكى خاراكتېرلىك تېمىلارنى سۇنۇش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھېلىغىچە ئەھمىيەت بېرىلمەي تاشلاپ قويۇلىشى — بۇ ئاتالمىش مىللىي داۋاچىلىرىمىزنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. خەلق جىياڭ زېمىننىڭ قانچە ئاشنىسى بارلىقىنى بىلىۋالمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىگە يۈزلىنىۋاتقان خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى تونۇپ يەتمىسە

پەقەتبولمايدۇ!



قىسقىسى، مىللەتنى سۆيىدىغانلىقنى، مىللىي ئازادلىقنى ئىستەيدىغانلىقنى، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقنى داۋا قىلىدىغان بارلىق ۋەتەنداشلارغا مۇراجەت شۇكى، مىللىي سۆيگۈمىز يوقالسا مىللىي داۋانىڭ ئاساسى تۈگەيدۇ، شۇڭا مىللىيلىكىمىزنى، مىللىي سۈپەتلىرىمىزنى تەشكىل قىلغان مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنى ساقلاشقا، مىللىي بەلگىلىرىمىزنى قەدىرلەشكە تىرىشايلى، خەلقىمۇ بۇنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەشۋىق قىلايلى! رادىيودىكى ۋىجدانىدا جاراھەت يوق، پاك يۈرەك دوستلارنىڭمۇ خەلققە نېمە ئەڭ كېرەكلىك؟ نېمە بېرىشىمىز كېرەك؟ دېگەن سوئاللار ئاساسىدا ئەستايىدىللىق ئىزدىنىپ، قىسقا ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تىرىششىنى ئۈمىد قىلىمىز. قىسقىسى، بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر، مىللىي تەقدىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرى مىللىي قەدرىيەتلىرىمىزنى قەدىرلەشكە، ئۆزگە تەدبىقلاشقا، ئائىلىسىگە تەدبىقلاشقا، بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادقا ئۈلگە بولۇشقا، يوقۇلۇشقا قارشى قەيسەرلىك بىلەن تىرەجەشكە، مەسىلىنىڭ جىددىيىتىنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھەتتا بارلىق مىللىي مۇناپىقلىرىمىزنىمۇ بۇ جەھەتتە كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بار: ئەي، مىللەتنى سېتىپ يەۋاتقان مۇناپىقلار! مىللىي سۈپەت يوقالسا، ئۇيغۇر تۈگىسە، خىتايلارنىڭ سىلەرگە ئېھتىياجى قالمايدۇ، يوشۇرۇن مائاشىڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسىلەر؛ خىزمەت ۋە مائاشىڭلارغا كېيىنكى ئەۋلادىڭلارنى ۋارىس بولسۇن دېسەڭلار، مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى قوغداش سىلەرنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىڭلاردۇر، داۋاملىق ساتىدىغان «مېلىڭلار» تۈگىسە كېيىن نېمىنى ساتىسىلەر!؟

[1] بىر زاماندا بىر مۇسۇلمان دۆلەتتىن كەلگەن مېھماننى كۈتىۋالغان تۆمۈر داۋامەت، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىلى بولمىغاچقىلا مەسجىدكە نامازغا بىللە كىرىدۇ، ھەممە ئادەم سەجدىگە باش قويغان چاغدا ئۇ بىرئاز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا قاراپ باققان ئىدى. بۇ تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە كۆرۈلگەن ئىدى.



# سەن ياققان چىراق ئۆچمەيدۇ



بىلقىز سەمەدى

جىددى ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى، بېشىدىن ئۆتكەن ھەر خىل سەرگۈزەشتىلەر، ئاتا- بوۋىلىرى، خەلقىمىز قىسمەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلىرى قۇلۇقۇمنىڭ تۈۋىدە مەرھۇم تىرىك ۋاقتىدىكىدەك جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

دادام ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ مۇلاھىزە قىلىدىغان، بەكمۇ جاپالىق ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئېيتقان ھەر بىر سۆزى چوڭقۇر مەنالىق، ئېغىر سالماقلىق بولغاچقا يۈرىكىمىزگە گويا موھۇردەك بېسىلىپ قالغان ئىكەن.

ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېزىز. ئۇلار ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر مۇقەددەس. ئۇلار قالدۇرغان ئىزلار تەۋەرۈك.

دادام زىيا سەمەدى ۋاپات بولغان كۈن بىزدىن قانچە يىراقتا قالغانسىرى پۈتكۈل ئۆمرىنى ھەقىقەت ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە بېغىشلىغان بۇ جەسۇر ۋە مېھرىبان ئىنسان ھەققىدىكى خاتىرىلەر يېڭىلىنىپ، مېنى قەلەم ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. دادام بىلەن قىلغان سۆھبەتلەر، ئۇنىڭ

دادامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىزنىڭ ئەسلىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتى قارىقاش ناھىيىسىدىن ئىكەن. بوۋام ئىبادەت 1881-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، 1882-يىلى ئائىلىسى بىلەن ياركەنتنىڭ خونخاي يېزىسىغا كۆچۈپ چىققان. 1931-يىلىدىكى قاچقاچتا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كىتىپ، ئائىلىسى بىلەن يەنە غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن ئىكەن. يىزا ئاقساقىلى بولغاچقا يۇرتداشلار ئۇنى ئىبادەت ئاقساقال دېيىشىدىكەن. يىگىتچە مەكتەپلەرنى ئېچىش، مائارىپ-جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن «كالتا

چاپان» دەپمۇ ئاتالغان ئىكەن. دادامنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىدا بوۋامنىڭ رولى چوڭ بولغانلىقى چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە. بوۋام 1933-يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئائىلىمىزنىڭ يۈكى دادامنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپتۇ.

دادامنىڭ ئاپىسى خەمسخان ئىمرەمزەقىزى 1886-يىلى تۇغۇلغان ئىكەن. تېگى تەكتى خونخايلىق بولۇپ، ۋەلى باينىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن ئىكەن. دادامنىڭ بوۋىلىرى سەمەت قازى، ئىمرەمزە، هوسمان بولۇسلار بىلەن نەۋرە قېرىنداشلاردىن ئىكەن.

بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۆتكەن ئەسىردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن مىللىي خورلىنىش، تەقىپلىنىش، ۋەتەندىن ئايرىلىش كۈلپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتقان ئائىلىلەرنىڭ بىرى. بىراق تۈرمىگە قاماشلار، كۆچ—كۆچلەر، سۈرگۈن قىلىشلار دادامنىڭ مەغرۇر قەددىنى پۈكەلىيەلمىدى. 1937-يىلى تېخى مەن دۇنياغا كەلمىگەن چاغلاردا، شېڭ شىسەي زىندانىغا تاشلانغان دادام 1944-يىلى ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىققاندا ئاغىنىلىرى تۈرمە ئازابلىرى ئىرادىسىنى سۇندۇرغان، چۈشكۈن بىر ئىسانىنى ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ ئېگىلمەس قەددى قامىتى ئۆزىگە ياراشقان، بېشىنى تىك تۇتقان مەغرۇر زىيانى كۆرگەنلىكىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

دادام ئازراق خۇشاللىقتىن قېنىغا پاتماي قالىدىغان، كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىكتىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. گويا ئۇنىڭ سالەتلىك بەدىنى ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ كۆتۈرۈشكە يارالغاندەك ئىدى. مەسىلەن، دادام 1944-يىلىدىن 1958- يىلغىچە ۋەتىنىمىزدە مۇھىم ۋە مەسئۇلىيەتلىك خىزمەتلەردە بولدى. مۇنداق ئېيتقاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەردە ئولتۇردى. بۇ چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئائىلىدە ئۆزىنى بىلىش، ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ بۇرۇنقى پېتىچىلار قالغان ئىدى. يەنى ئۇنىڭغا ئەمەلدارلارغا خاس ياسالما تەكەببۇرلۇق ياكى يۇقۇرىغا ئىنتىلىدىغان مەنسەپ خوشامەتچىلىك ئالامەتلىرى يوق ئىدى. بىز ھەممىمىز دادامدىن تەپ تارتاتتۇق، ئەيمىنەتتۇق. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى بىز ئۈچۈن قانۇن ئىدى. « ئائىلىنى باشقۇرالمىغان ئەر، دۆلەت باشقۇرالمايدۇ» دېگىنى راست ئىكەن. بىز كىشىلەردىن دادامنىڭ ئۈرۈمچىدە نازىر (مىنىستىر)بولغان چاغلىرىدا خەلقىمىز مائارىپىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىيات- سەنئەتىنى قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققى قىلدۇرغانلىقىنى، ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان نازارەتنى ئۇيغۇر كادىرلىرى بىلەن قانچىلىك تولدۇرغانلىقىنى، چەت ئەللەرگە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى چىقىرىشقا قانداق كۈچ چىقارغانلىقىنى تا

هازىرغىچە ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز. «زىيا سەمېدى خىتاي مىللەتلىرى ئارىسىدا ئۆز ھوقۇقىنى ئىشلىتەلىگەن، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىيالىغان ئۇيغۇر رەھبەرلىرىدىن ئىدى» دەپ ئۇنىڭ بالىلىرى بولغان بىزگىمۇ ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىگىنى كۆرۈپ پەخىرلەنمەسلىك مۇمكىنمۇ؟ « ئۇيغۇر بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرىغا شېرىك بولۇپلا قالماي، دەرتلىرىنىمۇ تارتىشنى بىلىش كېرەك» دەيتتى دادام بەزىدە. مەن ئەزىمەت دېگەن كىشىنىڭ «مۇستەقىللىق كۈرۈشى» ناملىق كىتاۋىدىكى:« مۇھتېرەم زىيا ئاكامدىن: مېنىڭ مىللىتىم ئىچىدىن چىققان ئادەملەرنىڭ مېنى تىللاپ كۆڭلى خوش بولىدىغانبولسا، ئۇلارنى خوش قىلىش ئۈچۈن مەن ھاقارەتلىنىشكە رازى. چۈنكى ئۇمۇ مېنىڭ سۆيگەن مىللىتىمنىڭ پەرزەنتى» دەپ كۈلۈپ قويدى- دېگەن مىسرالىرنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا « دەرتلىرىنىمۇ تارتىشنى بىلىش كېرەك»دېگەن سۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭرىرەك مەناغا ئېگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

دادام سۇرلۇك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاددى - ساددا، دېلكەش، كەڭ كۆڭۈللۈك ئادەم ئىدى. 1985- يىلىمىكىن، ۋەتىنىمىزدىن شائىر تېيىپجان ئېلىيۇ ئالمۇتىغا چىققاندا، دادامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بىز ت.ئېلىيۇپنىڭ 1958 — يىلى دادامغا قارشى ماقالا يازغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئەمدى دادام بۇ كىشىگە قانداق مۇناسىبەتتە بولار دەپ گۇمانسىراپ قالدۇق. « ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار دېدى دادام بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى بىلگەندەك. - كىم خاتالاشمايدۇ دەيسىلەر؟ پۈتكۈل خەلقىمىز تارتىتىغۇ بۇ دەرتنى». دېگەندەك، تېيىپجان ئاكا ئىشىكتىن كىرىشىلا، ئۇنى قۇچاغلاپ قارشى ئالدى دادام. ئۇلار خۇشال- خورام پاراڭلىشىپ، ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. ئىككى ئەدىپ ئوتتۇرسىدىكى ئارازلىق پەقەت بىلىنمەيتتى.

مەن پات- پاتلام ياش شائىر، يازغۇچىلارنىڭ دادامنىڭ قېشىغا كېلىپ، كىملەردىندۇ رەنجىگەنلىكىنى ئېيتىپ، مەسلەھەتلەر سورىغانلىقىنى كۆرەتتىم. دادامنىڭ ئۇلارغا:«ئىجادىيەتنىڭ ئۆزى ھەممىگە جاۋاپ. ئۇششاق گەپ — سۆزلەرگە پىسەن قىلماي، يېزىقچىلىقىڭنى قىلىۋەر» دېگەنكە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن مەدەت بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. ھازىر ئەينى شۇ ياشلارنىڭ كۆپچىلىكى خەلقىمىزگە تونۇلغان شائىر يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. دادام ئۆزىمۇ غەۋەت — شىكايەت، ئۇششاق گەپ سۆزلەردىن يىراق، توغراسۆزلۈك، ھەقىقەتنى ئېيتىشقا ھېچ كىمدىن ئەيمەنمەيدىغان كىشى بولغاچقا، قىممەتلىك ۋاقتىنى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئەمەس، بۈيۈك ئىجادىيەتكە بېغىشلىيالىغان ئىدى.

چۈشكۈنلۈك، ئۈمۈتسىزلىك دادامنىڭ تەبئىيتىگە يات

ئىدى. شۇڭلاشقا 1957-يىلى دېكابىردىن 1958- يىلى ئاپرېلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 5 ئاي مابەينىدە ئۇرۇمچىدە، ئاندىن كېيىن پوتكۇل ش ئۇ ئا ر دا زىيا سەمېدىگە قارشى يۈرگۈزۈلگەن سىياسى ھەركەتمۇ، 1959-يىلى « يەرلىك مىللەتچى» دېگەن گۇنانى ئارتىپ تەكلىماكان چۆل بويىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا سوتكىسىغا 14- 16 سائەتلەپ ئېغىر ئەمگەككە سالغاندىمۇ، يىتىم قالدۇرۇشلارمۇ، مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر بىسىملارمۇ دادامنىڭ روھىنى چۈشۈرەلمىگەن ئىدى.

ئۇ ئۆز خەلقىنى قانچىلىك چوڭ ۋە ساپ مۇھەببەت بىلەن سۆيگەن بولسا،ئانىسىنىمۇ،بىزنىڭ ئانىمىزنىمۇ، بالا چاقىلىرىنىمۇ شۇنداق سۆيەتتى، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلاتتى. ئانام ھەنىپەم ئەكبەر قىزى جاخانوۋا كېچىك پېئىل، ئەمگەكچان، غەمگۇزار ئايال ئىدى. ئۇ دادام شېڭ شى سەي تۈرمىسىدا ياتقاندىمۇ، ماۋچىلار سۈرگىنىدە يۈرگەندىمۇ دادامغا ھەقىقى ۋاپادارلىقىنى بىلدۈرۈپ، پەرزەنتلىرىگە مېھرى- مۇھەببەتنى بېغىشلاپ تەربىيلىگەن ئىدى. بىز - ئۇنىڭ باللىرى بۇ سەۋىرلىك، چىدامىلىق ئانىمىزنىڭ ئۆز يولدىشىغا ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىغىنىڭ گۇۋاچىسى بولۇپ كەلدۇق. داداممۇ ئاپامنىڭ بۇ پەزىلىتىگە يۇقۇرى باھا بىرەتتى.

ئانام 1990-يىلى كۆز يۇمغاندىن كېيىن دادام بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ماڭا نېسىپ بولدى. شۇ كۈنلەردە، قولۇمغا دادامنىڭ 1959-يىلى تەكلىماكانغا مېڭىش ئالدىدا ئاپامغا يازغان خېتى چۈشۈپ قالدى. مەن بۇ يەردە ئەشۇ خەتنىڭ ئازغىنا قىسمىنى تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سېلىشنى لايىق كۆردۇم.

ئەسلىمە

*ھەنىپەم! سېنىڭ چېچىڭ قەرەلىدىن بۇرۇن ئاقاردى... دېمەك ئىككىمىزنىڭ ئەر — خوتۇنلۇق تۇرمۇشىمىزدا ساڭا بەرگەن مۇشۇ «ئەسىدىلىكىدىن» باشقا نەرسەم يوق بولسا كېرەك...*

*ئىككىمىز تۇرمۇش قۇرۇپ 3 ئاي ئۆتمەستىنلا، شەپقەتسىز جەمىيەت مېنى ئۆزىنىڭ قارا بورىنىدا ئۇچۇرۇپ كەتتى. مەن گۇناسىز، گۇناكار بولۇپ قاراڭغۇ زىنداندا يەتتە يىل ياتتىم. دېمەك مېنىڭ ساڭا دەسلەپكى قەدەمدە بەرگەن «سوغام» شۇ بولدى!*

*سەنچۇ؟ سەن بۇ دەھشەتلىك يەتتە يىل ئىچىدە پاك ۋىژدان، ساپ دېلىڭغا كىر تەككۇزمەي مۇدھىش ھاياتنىڭ قوينىدا ئەڭ گۇزەل - قايتىپ كەلمەيدىغان ياشلىغىڭنى قۇربان قىلدىڭ، ۋاپاسىز ھاياتنىڭ قىيناپ ئوينىشىغا چىدىدىڭ...*

*ئۇنىڭدىن كېينچۇ! ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇنلىغان يىللاردا ھايات دولقۇنىدا ئىككىمىز بىللە ئۇزۇشكە توغرى*

كەلدىكى، بەزىدە ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق، بوران-چاپقۇن ئارىسىدا قالدۇق...بۇ سىناقتا ھەم بەرداشلىق بەردىڭ، ساپ دىلىڭ بىلەن قايغۇ - ھەسرەتنى ئىپدىكمەي يۇتتىڭ.

سەن مەيلى ئەر - خوتۇنلۇق، مەيلى ئائىلىق بۇرۇچۇڭنى شەپقەت پەرۋىشلىرىدەك ئادا قىلدىڭ. مەنچۇ؟ مەن سىنىڭ چىكەڭگە بەخت گۈلىنى قاداش ئەمەس، ئەكسىچە بېشىڭغا غەمنىڭ ئىپادىسى «ئاق گۈل» نى قادىدىم...

مەن سەندىن رازى. مەندىن تولا قايغۇرما! مېنىڭ ئەھۋالىم ياخشى. كېلىچەكتە، ئەلۋەتتە، ياخشى بولىشى كېرەك. سېنى بەختسىز دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بالىلار رىزا، يالقۇن، بىلقىز، نۇرانىيە، يەشىنلەر بارغۇ؟ بۇلار سەن بىلەن دايىم بىللىغۇ؟ بۇنداق بولۇش نىمە دېگەن كۆڭۈللۈك ۋە راھەت — ھە؟! بۇنداق گۈزەل بالىلار سېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭنىڭ مېۋىسى ئەمەسمۇ؟

ھەنىپەم! ھايات- كۈرەشتىن ئىبارەت، بۇنى سەن مۇشۇ تەرىقىدە سۆزلىيەلمىسەڭمۇ ئەمما، تەجرىبەڭ بىلەن شۇنداق قىلىۋاتىسەن. شۇڭا ھايات ئۈچۈن مەردانە كۈرەش قىلىش كېرەك بولىدۇ. قىسقا ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ھودۇقماي، سەسكەنمەي يېڭىپ كېتەلىسەڭ، ئادەم راھەتنى ھودۇقماي، ئازاپنى قورقماي ئۈستىگە ئالالىسىلا ئۇھەقىقىي ئادەم بولالايدۇ.

ھەنىپەم! سەن ئانامنى مۇشۇ كەمگىچە ياخشى كۈتتۈڭ ۋە ھۆرمەتلىدىڭ. بۇ ھەقىقەت، بۇندىن كېيىنمۇ ھەم مۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن ئانامدىن كۆپ ئەندىشە قىلىمەن. بالىلارنى بولسا ئەڭ ئالدى بىلەن ياخشى ئوقۇتۇشۇڭنى، ئەخلاقىي، تۇرمۇش تەربىيىسىگە ئايرىمچە دىققەت قىلىشىڭنى سورايمەن! ھەر قانداق ۋاقىتتا غەيرەتلىك بولغىن. غەيرەتنى باشقا كىشى بىرىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەر كىم ئۆزى پەيدا قىلىدىغان نەرسە. يىغا بىلەن بۇ دۇنيادا ياشىغىلى بولمايدۇ...

*1959-يىلى 3- ئاينىڭ 27- كۈنى، ئۈرۈمچى.*

دادام مۇشۇ خەتنى يېزىپ، ئاز ئۆتمەي كورلىغا كېتىپ، ئىككى يىل ئېغىر ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن كۆزى ئاغرىپ غۇلجىغا قايتىپ كىلىدۇ. بۇيەردە سوۋېتكە چىقىپ كىتىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، 1961-يىلى 11- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا يەنە ھىجرەت سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئالمۇتىدا دادامنى دوست- بۇرادەرلىرى، قەلەمكەشلىرى باغرىغا بېسىپ كۈتىۋالدى. غايىت مۇسراپوۋ، سابىت مۇقانوۋغا ئوخشاش قازاق يازغۇچىلىرى كەڭ قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن دادامنىڭ ئىككىنجى ھاياتى ،پۈتكۈل ئەقىل - پاراستىنى ، تالانتىنى، تەجرىبىسىنى ئىجادىيەتكە بېغىشلىغان ھاياتى باشلاندى.

# ئاھ ۋەتەن، ئاھ ئەركىنلىك

قەييۇم ياسىن

«ئازاپلىق يۈرەك ئاۋازى» ناملىق ئەسىرىنىڭ « ۋەتەن» تېمىسىدا يېزىلغان پارچىسىدىن ئارىيە

ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
ۋە لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،
ئازادلىق-ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت.

-شاندور فېتوفى

ۋەتەن دېگەن نېمە؟ ۋەتەن دېگەن ئاللاھنىڭ ئەجدادلارنىڭ قان-تەرى بەدىلى ئارقىلىق بىزگە بۆلۈپ بەرگەن زېمىندۇر. ئۇشبۇ زېمىن——يەنى تارىختىن بېرى مەلۇم مىللەتكە ياكى خەلققە تەئەللۇق بولۇش ھەم ئۇنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ راۋاج تېپىشىدىكى ماددىي ئاساس بولۇش سۈپىتىدىكى مۇقەددەس زېمىن-ۋەتەن دەپ ئاتىلىدۇ. ئەجدادلاردىن قالغان ۋە ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشى كېرەك بولغان بۇ مۇقەددەس ئامانەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جان تىكىپ ساقلاش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بولماس قەرزىدۇر. ۋەتەن توغرىسىدا ئەلىشىر نەۋائىي: «رەنجى غۇربەتنى ھەۋەس قىلمىساڭ، ۋەتەننى بىر نەپەسمۇ تەرك ئەيلىمە» دېگەن ئىدى.

دېمەك، ئۇيغۇر دېگەن نامنى قەدىرلىگەن ھەم ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشنى بىلىدىغان ھەر بىر ۋىجدانلىق ئادەم ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان زېمىنىنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەتەن ئازادلىقى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشى ھەم كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئەجدادلىرىمىز قان كېچىپ ئېرىشكەن مۇقەددەس ئەنگۈشتەر زېمىننى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولماس

بۇرچىمىزدۇر.

بىز نېمە ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق؟ بۇ سوئالغا ھەممىمىزنىڭ جاۋابى بىردەك بولسا كېرەك. يەنى ۋەتەندە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ مۇشەققەتلىك مۇساپىرچىلىققا مەجبۇرلاندۇق. ۋەتىنىمىزدە خەلقىمىزنىڭ تىلى كېسىلگەن، قولى باغلانغان، پۇتى كىشەنلەنگەن، ئىنسان ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان ھالەتتە، ئامالسىز زار قاقشاپ پەرياد ئۇرۇپ بىزدىن ئۈمىد كۈتمەكتە! ۋەتەندىن ئىبارەت مۇقەددەس ئانىمىز بۇ ھالدا ياتسا، بىزگە چەتئەللەردە خاتىرجەم-پاراۋان تۇرمۇش بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

«ئالتۇن قەپەز، قىزىل گۈللەر بىلەن بىزەپ قويۇلغان بولسىمۇ، بۇلبۇلغا تىكەنچىلىك ماكان بولالمايدۇ» دەپ ئەلشىر نەۋائى ئېيتقاندەك، چەتئەلدىكى باياشاد تۇرمۇش بىزگە ۋەتەن بولالمىدى. ئەمدى موللا مۇسا سايرامىنىڭ: «خەلقىڭدىن ئايرىلما، خەلقىڭ بىلەن بىرلىكتە بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، ئۇنى توي مەرىكىسى دەپ بىل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىمۇ تەپەككۇر قىلىڭ!

بىز ئۆز زېمىنىمىزدا دەپسەندە قىلىنىپ، ئىنسان ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشاۋاتىمىز. ئارىمىزدىكى بەزىلەر ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا قايسى مەسىلىنى بىرىنچى باسقۇچقا قويغاندا ئۇنىڭ بىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلاپمۇ قويماي، پەقەتلا ئاغزىدىلا ۋەتەن دەپ قويۇپ بىر بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش، قەستلەش ۋە سۇيىقەست قىلىش بىلەن بەند بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مانا ھازىرقىدەك ئىنتايىن نازۇك شارائىتتا بىز بىر ياقىدىن باش ۋە بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ خەلقىمىز ئىچىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بەل باغلاپ مەيدانغا چىققان ئوغلانلىرىمىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىمىز كېرەك ئىدى.

دېمەكچىمەنكى، بىز ئالدى بىلەن پىچاقنى ئۆزىمىزگە ئۇرۇپ باقماي، قېرىنداشلىرىمىزغا ئۇرۇپ، خىتايغا كۈلكە قىلىپ كېلىۋاتقىنىمىزنىڭ نەتىجىسى قايسى ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ رەھمىتىگە قانداق ئېرىشىمىز؟ ئەجدادلارنىڭ ئالدىدا قارايۈز بولۇپ كەتمەمدۇق؟

ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ تار دائىرىلىك كۆز قاراشلىرىمىزدىن ۋاز كېچەلمىسەك، شۇنداقلا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەرزىمەس بەندىچىلىك خاتالىقلىرى ئۈچۈن شىكايەت قىلىپ كۆرەش ئېلان قىلساق، كىملەرگە پايدا، كىملەرگە زىيان بولار؟ كىمگە كۈلكە، كىمگە مۇسىبەت بولار؟ ئۇ چاغدا ھېلىقى «ۋەتەن»، «خەلق» دېگەن قۇرۇق سۆزلىرىمىزنىڭ ئەھمىيىتى ھەم ئېتىبارى قانچىلىك بولار؟

ئەگەر يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىق رەۋىشتە ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشىنىشنى خالىسىڭىز، ۋاقىتلىق بولسىمۇ شەخسىي كۆز قاراشتىن ۋاز كېچىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەتلا ئىسلامنىڭ ئەمرى بىلەن ھۆكۈم چىقارغاندىلا، ئادىل خۇلاسە چىقىرىپ توغرا يولنى تاللاپ ئالالايمىز. ئۇچاغدا بىزنى ھېچ كىم ئازدۇرالمايدۇ، خالاس!

ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ تېمىسىغا كەلسەك، ماۋ زېدوڭ بىزنى ئۇچۇقتىن - ئوچۇق يوقىتىشتا، سىياسىي يوللار بىلەن يوقىتىشنى ئەۋزەل كۆردى. يەنى ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى ئۆزىمىزگە قورۇتقۇزۇپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە تالاتقۇزۇپ، ئۆز پىلانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇنى بىزنىڭ ھازىرقى سىياسىي تەقدىرىمىز ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

ماۋ زېدوڭنىڭ «ئېچىلىپ سايراش» قا ئوخشاش ساناقسىز سىياسىي ھەرىكەتلىرى ئاتىنى بالىغا، بالىنى ئاتىغا قارشى قىلىپ، قېرىنداشلارنى بىر — بىرىگە، كەمبەغەلنى بايغا، خوتۇننى ئەرگە قارشى قىلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىزنى ئۆزىگە ئەمەس بەلكى بىر بىرىمىزگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۈشمەن قىلىپ چىقتى. قانخور ياۋۇز سىياستى بىلەن گۇناھسىز دانىشمەنلىرىمىزنى، ئالىملىرىمىزنى، زىيالىيلىرىمىزنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلىرىمىزنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاتتى، زىندانلارغا تاشلىدى، مال — مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ-تالان قىلىپ خانۇ ۋەيران قىلدى. ئۆزىنى بولسا بەزىلىرىمىزگە خۇددى تەڭرىدەك چوقۇندۇردى.

1958-يىلى ئېچىلىپ سايراش باشلاندى. بۇ ھەرىكەتنى ماۋنىڭ قورالسىز تىنچ يول بىلەن يوقىتىش سىياستى دېسەك خاتالاشمايمىز. ئېچىلىپ سايراش قايناپ كەتتى...بىر سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ قالپاق كىيىپ كەتتى...نۆۋەت غۇلجىدىن مەن بىلەن بىللە كەلگەن ساۋاقداشىمغا كەلدى. شىكايەت بەكمۇ سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق تەرىزدە كېتىپ باراتتى. ئۇلار ساۋاقداشىمنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، قوللىرىنى قايرىپ ئۇرۇپ نوقۇشۇۋاتاتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دوراپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ كۆزىگە قوللىرىنى تەڭلەپ قارىغۇ قىلغىنى ئازلا قىلىشۋاتاتتى... ئۇنىڭغا تاماكا چېكىدىغان بۇزۇق ئۇنسۇر، غۇلجا پەدىسىدە ئۆچكىدەك كۈلۈپ ۋارقىرايدىغان بۇزۇق ئۇنسۇر، دېگەندەك تۈترۇقسىز بەدناملار چاپلانغانىدى. ھەممىسى شۇ سۆزنىلا قايتىلاپ قىلىشاتتى. مەن دارۋىنىنىڭ ئادەم مايمۇندىن تۆرەلگەن دېگەن پەتىۋاسىغا شۇ چاغدا قايىل بولغان ئىدىم. مەنمۇ بېسىمدىن قورقۇپ، قول كۆتۈرۈپ رۇخسەت ئېلىپ ، ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئاغزىمدىن كۆۋۈك قايناپ كەتكىچە، ئۆگىنىۋالغان سۆزلەرنىڭ بىرىنى قويماي قايتۇرۇپ — قايتۇرۇپ ۋارقىراۋەردىم. ئۇلارنى دوراپ قىزىپ

كېتىپ ، چېنىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنى قولۇم بىلەن قاتتىق نوقۇپ يىقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم. بىراق، بۇ بىگۇناھ ساۋاقدىشىم مېنىڭ ئەرتىسلىكنى قاملاشتۇرۇپ ئويناۋاتقانلىقىمغا ھەيران قېلىپ، ماڭا پات-پات قاراپ قوياتتى. ئۇ ئاخىر قاتتىق نوقۇشۇمغا چىدىماي، ماڭا ئالىيىپ بىر قاراپ قويۇپ كۆلۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆگىمەس بالاغا قالدى. ئەگەر بىرسى مەندىن شۇ پەيتتە «ئادىمىيلىك غۇرۇر ئەۋزەلمۇ ياكى جاننى قۇتقۇزۇش ئەۋزەلمۇ» دەپ سورىسا، ئىككىلەنمەستىن « جاننى قۇتۇلدۇرۇش ئەۋزەل» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. چۈنكى مۇنداق ئىدىيە ھەممىنىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

1962-يىلى ۋەتەندە ياشاۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەن ئۇ يىللاردا «ياشىسۇن» دەپ ماۋنى ماختاپ ئۇلۇغلاشتىن ۋە ئۆزىمىزنى «يوقالسۇن» دەپ غالجىرلەرچە ئىتتەك تالاشتىن ھەم باشقىلارغا يوقىلاڭ تۆھمەتلەرنى چاپلاشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدىم. خىتاينىڭ بۇ خىل كۆچلۈك سىياستى بىزنىڭ تاماشىمىزنى كۆرۈپ خاتىرجەم باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى.

مەندە ماۋنىڭ بۇ يالدامىسى يېقىنقى يىللارغىچە ساقلىنىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتقان بىلەن ئورۇنلاپ كەلدى. بۇ كىسەل يالغۇز مەندىمىكىن دەپ خىجالەت بولۇپ يۈرسەم، خەلقىمىنىڭ ئىچىدىمۇ كام ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدىم. چۈنكى ھەممىمىزنىڭ ئۇستازى بىر ئەمەسمىدى!

نادانلىق خائىنلىقنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقتىن، قاراڭغۇ بۇ زۇلمەت نادانلىق دۇنياسىدا ئۆتكەن ئۆمرۈمگە پۇشايمان قىلىپ ھەسرەت چېكىپ كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىۋاتىمەن، باشقا ئامالىم يوق يېزىۋاتىمەن!

بىزنىڭ چىداش بەرداشلىقىمىز چېكىدىن ئېشىپ پارتلاش ئالدىدا تۇرماقتا. بەرداشلىق بېرىشكە قابىل مىللەت كۆرەش قىلىشقىمۇ قابىل بولالايدۇ. بىز بۈرۈنقىدەك ئىستىقبال تىزگىنىمىزنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئالدانمايمىز. بىزنىڭ جاسارەتلىك، جەڭگىۋار، بىرلىك ، قەتئىيلىك ھەم ئىرادىلىك، روھلۇق قورالىمىز، يەنى ئىمانىمىز بار!

ئاللاھنىڭ «زالىمنىڭ زاۋالىنى بېرىمەن» دېگەن ۋەدىسى بار. ئاللانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ، جەڭ مارشىمىزنى ئالەمگە ياڭرىتىپ، بەلنى چىڭ باغلاپ، ئارمانىمىز بولغان يېگانە لىدىرىمىزغا ئەگىشىپ، كۆپنىڭ كۈچى ئاللانىڭ كۈچى دېگەن شۇئار ئاستىدا شۈبھىسىز غالىبىيەت قازىنىپ چىقالايمىز. ئامىن!

# تارىختىكى مەرىپەتلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى

مايىمخان

(1812 - 1830)غۇلجىدا ياشىغان، ماھىر قوشاقچى، ئەركىنلىك كۈيچىسى. كىچىكىدىنلا ھەققانىيەت تۈيغۇسى، خەلىق سۆيەر روھى بىلەن چوڭ بولغان مايىمخان مۇستەبىت ھاكىمىيەت ۋە زۇلۇملارنى پاش قىلىپ قوشاق توقۇغان ۋە شېئىر قىلىپ ئوقۇغان.

1830 - يىلى ھەققانىيەت ۋە ئەركىنلىكتىن ۋاز كەچمىگەن ئۇيغۇر قىزى مايىمخان 28 يېشىدا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن .

زۇلەيخان بىگىم

17 - ئەسىردە قۇمۇلدا ياشىغان ئىستىداتلىق شائىرەدۇر .

راھىلە خانىم

(1860 - يىللىرى)ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى."ھۈسەيىنىيە"مەكتىپىدە تەكلىپ بىلەن ئىشلىگەن .

ئايخان ئانا

(1888 - يىللىرى)ئەل سۆيەر مەرىپەتچى.يىقىنقى زامان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ بىرى.1933- 1934 - يىللىرى غولجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىگە مەخسۇس يېتىم باللار ئۇچۇن مەكتەپ سالدۇرغان.خەلىق بۇ مەكتەپكە "ئايخان ئانا مەكتىپى "دەپ نام بەرگەن.ئايخان ئانا مۇستەبىت ھۆكىمەتنىڭ ئازابى بىلەن كىسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن .

ئايشەمخان

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەنۇبىي بۆلۈنۈش ئارمىيىسى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدا ، باي ناھىيەسىدىن ئۆتكەندە،زۇلۇمغا قارشى ئۆزلىكىدىن ئارمىيەگە قاتناشقان . ئارمىيە ئاقسۇدىن چېكىنگەندە قولغا چۈشۈپ قالغان، گومىنداڭچىلار ئايشەمخاننى خائىن بولۇشقا ئۈندىگەن،بىراق ئايشەمخان قەتئىي رەت قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئايشەمخان ئۇيغۇر ئاسىيلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن .

ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى رابىيە

ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق ئەنئەنىسىدە ۋاپادارلىقنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە رابىيە - سەئىدىن تىلغا ئېلىنىدۇ.ئۇلار 18 - ئەسىرلەردە ياشىغان رېئال شەخسلەر .ھازىرمۇ رابىيە - سەئىدىن قەبرىسى "ئوشماق مازار"نامى بىلەن قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسى يامانيا يېزىسى سۇبھانالال كەنتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ .











2006 06 15

2006 04 30

2005 06 26



2006 10 18



سەندىن ئايرىلىپ ۋەتەن.
يىگەن ئاشىم ــ ئاش ئەمەس.
ساغاتەلمىگەن كۆزلەردىن،
قانلار ئاقتى،ياش ئەمەس.

يات ئەلدىكى ئالتۇنمۇ،
مەن ئۈچۈن بىر تاش ئەمەس.
بۇ دەردىمنى ئاڭلىتىپ.
سالامدەگلا ۋەتەنگە.
...

ــ كۆرەش كۆسەن